


مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال


# MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

# MIRAS

# 美拉斯

# ميراس


3
2009

ISSN 1004-3829



مجىت ناسر ئەپەندى بىلەن بىللە



داڭلىق ساخاۋەتچى جاڭ تيەن خانىم بىلەن بىللە


لىن زېشۈنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى لىن خۇڭخەن ئەپەندى بىلەن بىللە


ئامېرىكا چوڭ شەھەر مۇزېيىنىڭ خادىمى بىلەن بىللە


داڭلىق رەسسام ئۇ شۈجى بىلەن بىللە


داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى بىلەن بىللە


2007- يىللىق «مىللىي بىرلىك» مۇكاپاتىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلىرىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بىلەن بىللە


ئەخمەت تۇمۇر ئەپەندى ئانا مەكتىپىنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمايدۇ

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2009 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 113 - سان)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: **CN65 - 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 - 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: **58 - 60**
پوچتا نومۇرى: **830001**
E-mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: **1130BM**
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## يورۇق يۇلتۇزلار

جۇڭخۇا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى، گىگانت يۇلتۇز — ئەخمەت تۆمۈر ........................ دۈڭ فاگرىن (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

پەرىشتىلەرگە سۆز ........................ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (11)
سان ھەققىدە دېيىلمىگەن گەپلەر..... ياسىن مۇھەممەدنىياز تىكە (15)
بالىلىرىمىز چۆچەكسىز قالمىسۇن ................... نۇرنىسا باقى (25)
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ھەققىدە ............ غالىب خوجئابدۇللا (28)
مۇقام ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ...... .............................. تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (31)

## سەيياھ ھەم سەيلگاھ

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ساياھەتچىلىك ئەھۋالىدىن كەلگۈسىگە نەزەر.... ................................ ھەززەتئېلى ياسىن (36)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

قىزلار تەربىيىسى ........................ ئەلى نەزىما (41)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

«قىزىل بۆك»نى روھىي ئانالىز ئىلمى بويىچە چۈشەندۈرۈش........ ................................ مۇناجىدىن مۇنۇر تەرجىمىسى (47)

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ساقلىقلىق ـ شاھلىقلىق


ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تېبىبي بىلىملەر..............

........................................................ مەتقاسىم ئابدۇراخمان (58)


## ئادەت قىرىماس


كۇچا سوپۇنى ............................ مۇھەممەت جۇمە (30)

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئادىتى....ئابدۇقەييۇم مىجىت (61)

ئۇيغۇرلارنىڭ مازارغا تېۋىنىشى توغرىسىدا...ئابدۇجېلىل قۇدرەت (63)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


تۇملەك دورغا ...........................................................

............ توپلىغۇچى: ئابدۇرراخمان تۇمۇر، مەتتۇرسۇن سۇلايمان (68)


مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن

تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ

**«1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

مۇقاۋىدا: «ئانارچى قىزلار» ئىلى ئىسمائىل سىزغان

(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بېتىدىكى سۈرەتلەرنى قاينام جاپپار تەمىنلىگەن

Chief editor: Wahitjan Ghopur

Deputy chief editor: Muhtar Muhammed

Responsible editor: Nurnisa Baki

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار، ئەكبەر تۇرسۇن (قەشقەر سەنئەت مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)لار تەمىنلىگەن


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：

瓦依提江·吾甫尔

副总编：

穆合塔尔·穆罕默德

编辑：

努尔尼沙·巴克

胡尔仙阿依·买买提明

本期责任编辑：

努尔尼沙·巴克

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会

出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）

电话：(0991)4554017

印刷：新疆日报社印务中心

发行：乌鲁木齐邮局

订阅：全国各地邮局

国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60

E_mail: mirasuyghur@126.com

海外发行代号：1130BM

广告许可证号：6500006000040

邮编：830001

定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles

Editor: "Miras" (Heritages) editorial department

716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China

Printer: xinjiang newspaper press center

Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country

Print number at home: CN65 _ 1130/I

Print number abroad: ISSN1004 _ 3829

PostCode : 58 _ 60

International Standart Book Number: 1130BM

Post Number: 830001

Tel: (0991 4554017

Price: 6¥



# جۇڭخۇا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى، گىگانت يۇلتۇز ـ ئەخمەت تۆمۈر

دۇڭ فاڭرىن

2008-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنى شىنجاڭلىق مەشھۇر يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر بېيجىڭغا بېرىپ، دۇنيا تىنچلىق خەير-ساخاۋەت فوندى باش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ تيەن خانىم بىلەن كۆرۈشتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى ئەزىمەت بىلەن مەشھۇر خەير-ساخاۋەتچى ئۆزئارا ئۇچرىشىش بىلەن تەڭلا قەدىناس دوستلارغا ئوخشاش ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىپ، يىغىپ ساقلاش ھەم خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش نىيىتىگە كېلىشتى، ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندى شۇ سورۇندىلا دۇنيا تىنچلىق خەير - ساخاۋەت فوندى باش جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر يىلى خەير - ساخاۋەت ئىشى مەزمۇن قىلىنغان كىمئاشتى سودىسى تەشكىللەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇ دۇنيا تىنچلىق خەير - ساخاۋەت فوندى باش جەمئىيىتىدىكىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەم

www.uyghurkitap.com






مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىنىڭ بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خالىس ئادالەتپەرۋەرلىك روھىدىن تەسىرلەنگەن جاڭ تيەن خانىم ئۇنىڭغا قالتىس تەشەككۈر ئىزھار قىلدى، شۇنداقلا 2009-يىلى مۇۋاپىق پەيتتە شىنجاڭغا بېرىپ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ «12-ماي» يەر تەۋرەش ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش بۈيۈك بىرلەشمە ھەرىكىتى جەريانىدىكى ئالاھىدە تۆھپىسى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرسى بولغان دۇنيا تىنچلىق خەير-ساخاۋەت فوندى باش جەمئىيىتى ئۇنىڭغا «12-ماي يەر تەۋرەش ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش ئەلچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەنىدى. دۇنيا تىنچلىق ئەلچىسى ۋاڭ شياۋپىڭ ئەپەندى مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش بىرلەشمىسى پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى، خەير-ساخاۋەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زات ليۇيانەن خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭغا ئالاھىدە كېلىپ، باش جەمئىيەت باشلىقى جاڭ تيەن خانىمغا ۋاكالىتەن مەخسۇس مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندىنى تەقدىرلىدى.

ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندى شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق كارخانىچى، ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغىنىغا ھازىر 23 يىل بولدى. ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر باش كۆتۈرۈپ چىققان مىلياردېرلارنىڭ بىرى، مىسلىسىز كۆپ بايلىق ھەم شان-شەرەپ ئالدىدا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئاددىي دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىدەك سالاھىيىتىنى مۇتلەق ئېسىدىن چىقارماي، ئىسراپ قىلىپ، بۇزۇپ چېچىشتىن قەتئىي خالىي بولدى، ئەزەلدىن ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەممىشە ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كەسىپ ئۈچۈن جاپاغا چىداپ تەر ئاققۇزۇشۇم، ئالغا ئىنتىلىشىم، بوشاشماي كۈرەش قىلىشىم كېرەك!» دەپ كەلدى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا يۇرتى قومۇل بوستانلىقىنى ئىزچىل ئېسىدە تۇتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم يېزىسىدىكى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن قومۇل شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغى كەمچىل بولۇپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا، ئەخمەت تۆمۈر مەردانىلىق بىلەن سېخىي قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەنىكەن. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇ يەنە ئىزچىل ھالدا شىنجاڭ ۋالىبول كوماندىسى، شىنجاڭ خەلقئاراچە شاھمات كوماندىسى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قاتارلىقلارنىڭ خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى ۋە شىنجاڭ مائارىپ فوندىنىڭ مەبلەغ ئەملەش پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. بۇلاردىن باشقا ئەخمەت تۆمۈر بەزى نامرات رايونلارغا پۇل ھەم ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى، ئۇ يەنە ئۆزى يىغىپ ساقلىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىگە ھەدىيە ھېسابىدا بېرىۋەتتى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىشىڭىزغا غايەت زور مەبلەغ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پۇللىرىڭىزنى ئىئانە ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىسىز، مۇشۇنداق قىلىشقا قانداق كۆزىڭىز قىيغاندۇ؟» دەپ سورىغاندا، كەسكىنلىك بىلەن: «دۇرۇس! مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلاشقا ھەقىقەتەن نۇرغۇن پۇل لازىم بولىدۇ، ئەمما يەنە بىر بۆلۈك مەبلەغنى ئاجرىتىپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرى

2009.3

ئۇچۇن سەرپ قىلىشمۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمنىڭ بىرى، مەن ھازىرمۇ ھەم كەلگۈسىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا رازى...» دەپ جاۋاب بەردى. ئەخمەت تۇمۇر ھازىرغا قەدەر ھەر خىل تۈردىكى ئاممىۋى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن 16 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە ئۆزى يىغىپ ساقلىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن قىممىتى نەچچە ئون مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئاسارئەتىقىلەرنى ئىئانە قىلدى.

ئەخمەت تۇمۇر ئۇيغۇرلارغا خاس قىزغىن دوستانە روھ ھەم مۇلايىم، خۇش چىراي خاراكتېرگە ئىگە تەبىئىي ئۇمىدۋار كىشى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە نۇرغۇن دوست-يارەنلىرى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى دۇنيادىكى مەشھۇر سىياسىي ئەرباب، داڭلىق سودىگەر ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدىكى شۆھرەت قازانغان ئاتاقلىق زاتلاردىن ئىبارەت. ئەخمەت تۇمۇر ئىنتايىن مەرد، دىلكەش كىشى بولۇپ، ئەل-ئائىلە، دوست-يارەنلىرىنىڭ ئىشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل خالىس، ئوچۇق قوللۇقى ئۇنى دوست-يارەنلىرى ئىچىدە زور ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش بىلەن بىر چاغدا، بەزى ئاۋارىچىلىكلەرگىمۇ دۇچار قىلغان. ئەخمەت تۇمۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېقىندىلا بىر ئاغىنىسىگە كېپىل بولۇپ، بانكىدىن ئېلىپ بەرگەن 50 مىليون يۈەن قەرزنى شۇ دوستىنىڭ كارخانىسىغا ۋاكالىتەن قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، چۈنكى ئىشەنگەن ئاشۇ دوستى ئۇنى كېپىل قىلىپ قەرز ئالغان بولسىمۇ، قەرزنى بېرەلمەي مۆكۈنۈپ يۈرگەنىكەن. ئەخمەت تۇمۇر ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆز ۋەدىسىنى ئاشۇنداق مەردلىك بىلەن ئادا قىپتۇ... بۇ ئىش شىنجاڭدا ئاجايىپ زور تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭدىكى «كېپىل بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ سەردارى» دېگەن ئاتاققا سازاۋەر قىلدى.

ئەخمەت تۇمۇر ئەپەندىنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش جەھەتتىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ساھەسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەرەپلىك ناملارنى ئاتا قىلدى. 1999-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا ئۇ نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، بېيجىڭدا «خۇاشيا ئەل ئىچى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش سەنئەت بايرىمى»نى ئۆتكۈزدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ «يېڭى ئەسىرگە قاراپ قەدەم بېسىش» چاتما پائالىيەتلەر تەشكىللەش كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «20-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ 20 مەشھۇر يولباشچى كارخانىچىلىرىنىڭ بىرسى» دېگەن كاتتا شەرەپكە نائىل بولدى. ئۇنىڭ مۇبارەك قەھرىمانلىق نامى سەددىچىندىكى «جۇڭخۇا ۋەتەنپەرۋەر تۆھپىكارلىرى» ئابىدىسى ئۈستىگە ئويۇلدى، مەزكۇر ئابىدىگە جۇڭگودىكى 108 مەشھۇر زاتنىڭ ئىسمى ئويۇلغان (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن پەقەتلا ئەخمەت تۇمۇر ئەپەندىنىڭلا ئىسمى ئويۇلغان. ت).

2007-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك «يېڭى ئەسىر ساداسى، ئىناق جۇڭگو» ناملىق ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنىدا ئۇ «جۇڭخۇادىكى مەشھۇر شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا سازاۋەر بولدى.

2008-يىلى 8-ئايدا ئەخمەت تۇمۇر يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مەملىكەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئون ئورۇن ھەم كومىتېت بىرلىشىپ تەسىس قىلغان «30 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى دەۋر ئاۋانگارتلىرى — مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدىكى ئون مەشھۇر كىشى»نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ زور شەرەپكە ئېرىشتى.





ئەخمەت تۆمۈرنىڭ نامى مۇقەددەس زېمىنغا تارالدى. شىنجاڭلىقلار ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» دەپ ئاتىدى. مۇخبىر ئۇ يىغىپ ساقلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى. قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىك ھەققىدە سوئال قويۇلغاندا، ئەخمەت تۆمۈر چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەندەك بىر خىل قىياپەتتە: «ئانا يۇرتۇم قومۇل ماڭا ئەنە شۇنداق بىر ياخشى پۇرسەت ئاتا قىلدى» دەپ جاۋاب بەردى. قومۇل ئەخمەت تۆمۈر تۇغۇلغان جاي، بۇ ئىللىق تۇپراق ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشتى، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ چيەن تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتقا كېلىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى ئاچقاندىن كېيىن بۇ مۇھىم ئۆتكەل تا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «شەرقىي قوۋۇقى» بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەخمەت تۆمۈر 1952-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قومۇل شەھىرىدە ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا خەنزۇ مەدەنىيىتىگە قىزىققان. ئەخمەت تۆمۈر ئۆزى خالاپ خەنزۇ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، ئۇنىڭچە مۇشۇنداق قىلغاندىلا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى. ئۆزى قىزىققان خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشكىلى بولاتتى، بولۇپمۇ خەنزۇچە تولۇق ساۋاتى چىقمىغان ئاشۇ چاغلاردا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق كلاسسىك كىتابلاردىكى قەھرىمانلارنى سۈرەتلەپ سىزىلغان چاتما رەسىملەر كىچىك ئەخمەتنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىۋالغانىدى.

ئەخمەت تۆمۈر ئولتۇراقلاشقان مۇھىت خەنزۇ مەدەنىيىتى تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان مۇھىت بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى قومۇل تەۋەسىدىن مىس، تۆز قاتارلىقلاردىن قۇيۇلغان خىلمۇخىل، چوڭ-كىچىك تەڭگە پۇللارنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ تەڭگە پۇللارنىڭ ئۈستىدە تېخى چيەن لۇڭ، يۇڭ جېڭ قاتارلىق چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ نامىمۇ بار ئىدى. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇ قەدىمكى مىس پۇللارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئوينايتتى. ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭگە پۇللار نەپىس ھەم كۆركەم بولۇشى سەۋەبلىك ئۇنى جەلپ قىلغاچقا يىغىپ ساقلاش ئەنە شۇ چاغلاردىن تارتىپ باشلانغانىكەن.

1975-يىلى ئەخمەت تۆمۈر ئىمتىھان بېرىپ، جەنۇبىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ-ئارخېئولوگىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە كېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئەخمەت تۆمۈر گويا بىر ئاچ ئادەم ئاش-ئوزۇققا تەلپۈنگەندەك قىزغىن تەلپۈنۈش بىلەن كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش پائالىيىتىگە كىرىشىپلا كېتىدۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا يىغقان كىتابلىرى بىر نەچچە چامادانغا يەتكەنىكەن. ئۇ يەنە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نۇرغۇن تارىخ-مەدەنىيەت ئىزنالىرى، يادىكارلىقلىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى تارىخ، ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىغا بېرىپ، زىيارەت ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۈچ يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى جەريانىدا ئەخمەت تۆمۈر جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ھەم ئاجايىپ تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نۇپ تۇرارمىش. بۇ ھالەتتىن ئاغىنەم ئۈئىلىسدىكىلەر بەكمۇ تېڭىرقاپ قاپتۇ، بۇ يەرگە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئادەم جەسەتلىرى دەپنە قىلىنمىغان تۇرسا، بۇ سۆڭەكلەر زادى قەيەردە پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇلارنى ئويلىغانچە ئۆگەنگەن كەسپىمگە ئاساسەن مۇلاھىزە قىلدىم. بارا- بارا قىزىقىشىم كۈچەيدى. تۇيغۇم ماڭا ئالدىن بېشارەت بېرىپ «شۇ جايدا جەزمەن بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىزنا بار، بەلكى ئۇ يەر ناھايىتى ئۇزاق زاماندا دەپنە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قەبرىسى بولۇشمۇ مۇمكىن» دېگەندەكمۇ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن فوتو سۈرەت ئاپپاراتىمنى ئېلىپ نەق مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇن سۈرەت تارتتىم ۋە نەق شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئادەملەرنى تەشكىللەپ، قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتىم...»

1979- يىلى بىر ئاي جاپالىق قېزىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى بۇ يەردىن جۇڭگو ھەم دۇنيادىكى تارىخشۇناسلار بىلەن ئارخېئولوگلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان مۆجىزە يۈز بەردى، ئەتراپلىق ئىزدىنىش ھەم پاكىتلارغا ئاساسەن 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە «قۇمۇل قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى» بايقالدى، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تارىخىنىڭ ماۋاڭدۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تارىخىدىن 500 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئىلمىي ئاساستا ھېسابلاپ چىقىلدى ۋە ئىسپاتلاندى. ئەخمەت تۆمۈر بايقىغان ھەم قېزىپ چىققان «قۇمۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى» ئۆ-







ھېس قىلدۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قەلبىدە ۋەتەننىڭ ئۇلۇغۋار تارىخىغا بولغان مۇھەببەت مەۋج ئۇردۇ. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەخمەت تۆمۈر شىنجاڭغا قايتىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، ئاساسلىقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىش ھەم باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ شارائىت ئۇنى كېيىنكى چاغلاردا مەشغۇل بولماقچى بولغان يىغىپ ساقلاش كەسپىنى ئىنتايىن مول پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ساقلاش ــ ئىنتايىن جاپالىق بىر خىزمەت، ئەخمەت تۆمۈر ھەمىشە دېگىدەك ئۆزى تونۇشمايدىغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ زىيارەت قىلىش، ئەھۋال ئىگىلەش ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىش پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ جەرياندا تونۇشقان دېھقان، چارۋىچى دوستلىرى قانداقلىكى يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشسە، دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ.

ئەخمەت تۆمۈر مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم بىر دېھقان ئاغىنەم قېشىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر غەلىتە ھادىسىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۆزىگە تەۋە تېرىلغۇ ئېتىزىغا كىرگەن سۇ ناھايىتى تېز سىڭىپ تۈگەپ كېتىدىكەن، پالاس- كىگىزدەك نەرسىلەرنى تېگىگە بېسىپ، سۇ قۇيۇپ باقسىمۇ، يەنىلا سۇ ئۆتۈپ، ئاستىدىكى يەر قاتلىمى يېرىلىپ، ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپمۇ كېتىپتۇ. يېرىلىپ گۇمۇرۇلگەن جايدىن تېخى ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن سۆڭەكلىرى كۆرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






زىگە دەپنە قىلىنغان 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە جەسەتلەرنىڭ قايتا تېپىلىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ چېگرا رايونى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇستەسناسىز ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى، شۇ يىلى ئەخمەت تۆمۈرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قومۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقى ئەخمەت تۆمۈرنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ بىر پەللە يۇكسەكلىككە كۆتۈردى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى قورسىقى ئاچسا قۇرۇق نانني يەپ، ئۇسسۇسا سوغۇق سۇ ئىچىپ، قومۇلۇقلارنى كېسىپ ئۆتتى، چۆل- جەزىرىلەرنى كەزدى، قومۇل تەۋەسىدىكى دەشت - باياۋان، ئادەمسىز ساي- جىرا، جىلغىلارنىڭ ھەممىسىدە ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇردى. بۇ جەرياندا يەنە بىر قېتىم تاڭ دەۋرى شەھىرى خارابىسى، يەتتە قۇدۇق، نوم يېزىسى، شى يەن شىگەيسى قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى يوشۇرۇنغان جايلارنى بايقىدى.

خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئەخمەت تۆمۈر نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئاسرالمىغان ھەم قوغدالمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇزۇۋېتىلگەن ھەم يوقلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئۇركەشلىگەن بۇ ئەزىمەت ئاخىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاشقا ئۆزىنى بېغىشلاش قارارىغا كەلدى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ جاڭ داچەننىڭ شاگىرتى جۇيەنشېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى، شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ قەدىمكى ھۆسنخەت، رەسىم ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلاشقا بولغان ئىنتىلىشى، قىزىقىشى ماگمىدەك لاۋۇلدىدى. باشقىلار بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىش جەريانىدا ۋەتىنىمىزنىڭ زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەتكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بىر بۆلۈك ئەڭ قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئارقا- ئارقىدىن چەت دۆلەتلەردە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ قاتتىق ئازابلاندى ھەمدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خىجىللىق ھېس قىلدى. ئىسسىق قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان جۇڭخۇا پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى بولۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى.

1985- يىلى ئەخمەت تۆمۈر ئۆز ئەمەلىدىن ئىستېپا بېرىپ «دېڭىزغا چۈشۈپ»، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى ۋە سودا- تىجارەت يولىغا قاراپ مەزمۇت قەدەم تاشلىدى. دەسلەپكى ئون يىلدا پاكىستان، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ھىندىستان، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، ئۈنچە- مەرۋايىت، قاشتېشى، يۇڭ- تېرە، مىللىي سانائەت بۇيۇملىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇغۇللانماقچى بولغان يىغىپ ساقلاش ئىشى ئۈچۈن پۇختا ئىقتىسادىي ئاساس ياراتتى. 1992- يىلى شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خان جەمەتى سودا شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، دېھقانچىلىق، سانائەت، تىجارەت، يېمەك- ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ساھەلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئەمەلىي گەۋدىنى روياپقا چىقىرىپ، بىر مەدەنىيەتلىك سودىگەر ئوبرازىنى تىكلىدى، ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار يىغىپ ساقلاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ داغدام يولىنى ھازىرلىدى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش ئىشى قۇمنى ئېقىتىپ، ئالتۇن چايقاش ۋە دېڭىزغا چۈشۈپ يىڭنە سۇزگەنگە ئوخشاش ناھايىتى جاپالىق مەشغۇلات بولۇپ، مول بىلىم ھەم ساپ، سەممىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر پائالىيەت. ئەخمەت تۆمۈر بىر تەرەپتىن، يىغىپ ساقلاش خىزمىتىگە باش چۆكۈرۈپ كىرىشىپ



كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھەقتىكى كەسپىي بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى، يىغىپ كەلگەن چوڭ-كىچىك نەرسىلىرىدىن ھەر بىر پارچە ھۆسنخەت، رەسىم، ئاسارەتىقە قاتارلىقلارنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىپ، چوڭقۇر تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئېرىشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ يىغىپ ساقلىغان ھەر بىر ئېسىل يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رىۋايەت تۇسىگە ئىگە.

1994-يىلى 10-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئەمدىلا ساپ كىرىمى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئۈنچە-مەرۋايىت سودىسىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان چېغىدا، تۇيۇقسىزدىن جېجياڭنىڭ سىشى بازىرىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئېسىل قاشتېشى چىنىنىڭ سېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدۇ، ئاشۇ قىممەتلىك بۇيۇمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ قىلىۋاتقان سودىسىنى توختىتىپ قويۇپ، دەرھال ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، سىشى بازىرىغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇنىڭ بارىدىغان يېرىگە كەلگەن ۋاقتى دەل قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان چاغ بولۇپ، ھېلىقى جاينى قايسى يول بىلەن قانداق مېڭىپ تېپىشتا كۆڭلىدە ھېچقانداق سان يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ پۈتۈن بىر كۈن جاپاغا چىداپ ئىزدىرەكلەپ سوراپ يۈرۈپ ئاخىر ئاشۇ بۇيۇمنى ساتقۇچىنىڭ قورۇسىنى تاپىدۇ. يىراق شىنجاڭدىن كەلگەن ئەخمەت تۆمۈرنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توخۇدەك چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن خوجايىن

ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلىپلا قالماستىن، قولىدىكى ئېسىل قاشتېشى چىنىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، 800 مىڭ يۈەنگە ئەرزان سېتىپ بېرىدۇ.

ئېسىل گۆھەرلەرنى ئىزدەپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەخمەت تۆمۈر يەنە كېتىدىغان خىراجەتنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي چەت ئەللەرگىمۇ بارىدۇ. يېقىنقى يىللارغىچە ئۇ نەچچە ئون دۆلەتنى بىر قېتىمدىن ئايلىنىپ چىقتى، قايسى دۆلەتكە بارسا بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئېلىمىز جۇڭگودىن شۇ دۆلەتكە ئېلىپ كېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلدى. ئاسارەتىقە بازارلىرىنى ئارىلىدى، ئەل ئىچىنى ئاختۇرۇپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئەخمەت تۆمۈر ئۆزىنىڭ 1996-يىلى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ ئاسارەتىقىلىرىمىزنى ئىزدىگەنلىك جەريانىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: شۇ قېتىم ئۇ فرانسىيىلىك بىر ياشانغان مومايىنىڭ قولىدا ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئىشلىنىپ، فرانسىيىگە ئېكسپورت قىلىنغان بىر دانە گۈل لوڭقىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللانغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماپتۇ، لوڭقا ئۈستىگە بىر چەت ئەللىكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئاجايىپ نەپىس ھەم كۆركەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى، جۇڭگودا ئىشلەنگەن بۇ گۈل لوڭقىسىنىڭ چەت ئەلدە بولۇپ قېلىشى گويا ئۆز بالىسىنىڭ سەرگەردان بولۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ كەتمىسە زادى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى مومايدىن ئاشۇ ئېسىل لوڭقىنى 2000 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىپ، ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كەپتۇ...

ئەخمەت تۆمۈر يىغىپ ساقلىغان ھەر بىر پارچە ئەسەر ۋە ئاسارىئەتىقىلەرگە ئۇنىڭ بارلىق كەسپىي بىلىمى بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قېنى مۇجەسسەملەنگەن. بىراق، ئۇنىڭ ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاشتا بېسىپ ئۆتكەن يولى ھەممىشە ئۇتۇقلۇق بولۇۋەرمىدى، مۇشۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن جاپا چەكتى ۋە زور ئىقتىسادىي زىيانغىمۇ ئۇچرىدى، ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ھېس قىلىشىچە، مۇبادا مۇشۇنداق جاپا چەكمىگەن ھەم زىيان تارتمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ بۈگۈنكىدەك مۇنداق مول تەجرىبە-ساۋاقلارنى جۇغلىيالمىغان بولاتتى.

شىنجاڭلىق مەشھۇر يازغۇچى نەن فۇ ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ياخشى ئاغىنىسى. 1996-يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئەخمەت تۆمۈر ھەققىدىكى ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ يېزىشقا كىرىشكەن. ئىككى يىلدىن ئارتۇق زىيارەت قىلىپ، قەلەم تەۋرىتىش ئارقىلىق ئۇ خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 700 مىڭ خەتتىن ئاشىدىغان چوڭ ھەجىملىك بىئوگرافىك ئەسەر — «ئەخمەت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ جەمەتى» ماۋزۇلۇق رومانىنى ئاخىر دۇنياغا كەلتۈردى. نەن فۇنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەرزەنتى بولغان ئەخمەت تۆمۈر مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مەشھۇر ئەزىمەت.

ئەخمەت تۆمۈر دائىم دېگىدەك سومكىسىغا قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى قاچىلاپ يەلكىسىگە ئېسىۋېلىپ، بېيجىڭ، خاڭجۇ، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ، تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ، باشقىلارنى زىيارەت قىلىدۇ. سەممىيىتى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، شۇڭا خېلى كۆپ مەشھۇر زاتلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھۆسنخەت يېزىپ ۋە رەسىم سىزىپ بەرگەن، ئۇ يىغىپ ساقلىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى قايىل بولغىنىدىن قاتتىق ھاياجانلانماي قالمايدۇ. ئەخمەت تۆمۈر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئۈلگە!

1998-يىلى 50 نەچچە دۆلەت ھەم رايوندىن كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلار قاتناشقان 2-قېتىملىق خۇاشيا ئەل ئىچى يىغىپ ساقلاش سەنئەت بايرىمىدا ئەخمەت تۆمۈر ئالاھىدە شان-شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن ئۈزۈپ چىقىپ، خۇاشيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش كۇلۇبى تارقىتىدىغان «جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش گىگانت يۇلتۇزى» ناملىق تاجنى قولغا كەلتۈردى. ئارقى-



2009.3



لىگەن يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەكتە.

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ يىغىپ ساقلىغانلىرى ھۆسنخەت- رەسىم، قەدىمىي تەۋەررۈك، فارفۇر كاھىش بۇيۇم، ئالتۇندىن ياسالغان سەنئەت ئەسۋابلىرى، قاشتېشى زىننەت بۇيۇمى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مەزگىللەردە ئىشلەتكەن پۇللىرى ۋە پوچتا ماركىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سانى ئون نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇ بۇيۇملار بىر تەرەپتىن، جۇڭگودا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا چېتىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيادىكى نەچچە ئون دۆلەتنىڭ تارىخىغىمۇ تۇتۇشىدۇ. ئىلگىدە تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى ھەم سانى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئۇ ئېلىمىزدىكى بارماق بىلەن سانىغىدەك يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. جۇڭگونىڭ مەشھۇر گۈزەل سەنئەت ئۇستازى، ئاتاقلىق رەسسام گۇەن شەنيۈ ئەخمەت تۆمۈر يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن سۆيۈنگەن ھالدا: «شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي يىغىپ ساقلاش مەسلىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئەخمەت تۆمۈرنى دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يىغىپ ساقلىغۇچى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ» دېگەنىدى. بىز ھازىرچە گۇەن ئاقساقال ئېيتقان بۇ سۆزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشمىسەكمۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى شەخسىي يىغىپ ساقلاۋاتقان ئەخمەت



دىنلا يەنە جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ئەخەت تۆمۈر يىغىپ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ پاياندىسىز دېڭىزدا 20 يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈپ يۈردى، بۇ ساھەگە سالغان مەبلىغىمۇ نەچچە يۈز مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭلىق ئۇيغۇر يىغىپ ساقلىغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭدىمۇ «غەربىي يۇرتتىكى بىرىنچى زات» دېگەن نامغا نائىل بولدى، خەزىنۇ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئۇيغۇر مىللىتىدىن كېلىپ چىققان يىغىپ ساقلىغۇچى ساقلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول، بولۇپمۇ ئۇ جۇڭگو تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرگە تەۋە داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن تاڭ بوخۇ، جېڭ بەنچياۋ، رېن بۇنيەن، جاڭ داچيەن، چى بەيى، شېن جۇ، خۇاڭ لى قاتارلىقلارنىڭ 5000 پارچىدىن ئارتۇق داڭلىق ئەسەرلىرىنى ۋە شۇ دەۋرلەرگە ئائىت 8000 دىن ئارتۇق فارفۇر، چاقچۇق بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يىغىپ ساقلاش ئورنىدا يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى، ئەرەبلەرنىڭ قوي تېرىسىگە سىزغان رەسىملىرى، مالايسىيالىقلارنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا سىزغان رەسىملىرى، كاڭشى خان بىلەن يىخې ناراشى (سىشى تەيخۇ)لارنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خەت، سىزغان رەسىملىرى قاتارلىق ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار كۆپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۆمۈر ئەپەندى بۇ ساھەدە دۇنيا جىنىس رې-
كورتىنى بۇزغۇچىلارنىڭ بىرسى بولۇشقا ئىلتى-
ماس قىلىش ئارزۇسىنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە
پۈكۈپ بولدى.

گەپنى يىغىپ ساقلاش نۇقتىسىدىن باشلى-
ساق، ئەخمەت تۆمۈرنىڭمۇ بۇ توغرىدا ئۆزىگە
تۇشلۇق خۇرسىنىشلىرى بار، مۇشۇ يىللاردىن
بېرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ
ساقلاش ئىشى ئۈچۈن قانچىلىك قان - تەر ئاق-
قۇزغانلىقى، قانچىلىك ھەسرەت ياشلىرىنى تۆك-
كەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق ئەمەس. بۇ
ئەزىمەت ھەر قېتىم ئۆزى يىغىپ ساقلاۋاتقان
يادىكارلىقلارنى كۆرگىنىدە قەلبى سۆيۈنۈپ قا-




نائەت تېپىپ كۆپ يىللىق يىغىپ ساقلاش جەريانىدا تارتقان
جاپالىرىنىڭ ھەممىسنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ھاردۇقى
چىققاندەك ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىدۇ.

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئىشخانىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆر-
گەزمە زالى بىر - بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئىشخانىسى خىل-
مۇخىل مۇكاپات لوگىقلىرى، تەقدىرنامىلەر، لەۋھەلەر
بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك كىشىنى ئۆزىگە ئا-
لاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئۆزى سۆيگەن كەسىپ ھەققىدە
گەپ ئاچقاندا ئۇ ئاجايىپ بىر خىل ئىپتىخارلىنىش ھېسسى-
ياتى بىلەن: «مەن يىغىپ ساقلاۋاتقان يادىكارلىقلارنىڭ
ھەممىسى ماڭا خۇددى يېقىن قېرىندىشىمدەك، ئۆز پەر-
زەنتىمدەك بىلىنىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر مېھىر-
مۇھەببىتىم بار! ئىشىم بولمىغان چاغلاردا يىغىپ ساقلاش
زالىغا كىرىپ ئاشۇ نەرسىلىرىمنى كۆرۈشنى، ئۇلار بىلەن
مۇڭدىششنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. جۇڭگو 5000 يىللىق
مەدەنىيەت تارىخقا ئىگە دۆلەت، قەدىمكىلەر ھەقىقەتەنمۇ
ئۇلۇغ. ئالايلۇق ھازىرقى چاغدا بىر پارچە كېسەكنى
ئوتتا توختىتىش ۋاقتى تەلەپكە يەتمىسە، ئۇ پىششىق
خىشقا ئايلىنالمايدۇ، مۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ قەدىمكى-
لەرنىڭ تېخنىكىسى ھازىرقىلارغا يەتمەيدۇ دېگىلى
بولسۇن؟ قاراڭ، ئۇلار ئۆز پاراستىگە تايىنىپ مانا مۇ-
شۇنداق كۆركەم ھەم نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى بىزگە
قالدۇرۇپ كەتتىغۇ! دەرۋەقە ، مۇنداق بۇيۇملارنى سىپتى-
ۋالغاندا زىيان تارتىدىغان گەپ، ئەمما كۆزنىڭ يېغىنى
يەيدىغان مۇنداق ئېسىل مەدەنىي مىراسلارنى كۆرۈشتىن

تۇغۇلغان لەززەتلىك تۇيغۇ سەۋەبلىك ئوتقاشتەك
جۇلالاپ تۇرغان پارلاق مەدەنىيەت، سەنئەتنى گويا كۆز
ئالدىمدا جۇلالىنىپ تۇرغاندەك سېزىمەن، ئوقۇغۇچىلار
بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، مۇئەييەن تەربىيىگە
ئىگە بولسا، بىر قېتىملىق جانلىق تارىخ دەرسى ئاڭلىغان-
دەك تۇيغۇغا كەلسە چەككەن جاپالىرىمنى ئۇنتۇپ كېتى-
مەن. بۇ ئورۇننى ئىسمى جىسمىغا لايىق تىرىك مۇزېي
دېيىشكە بولىدۇ!» دېدى. ئەخمەت تۆمۈر يېقىندىن بېرى
بېيجىڭدا بىر مۇزېيخانا تەسىس قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق
قىلىۋېتىپتۇ، كەلگۈسىدە يەنە بىر بۆلۈك مەبلەغ غەملەپ
جىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىينچىلىقى بار مۇنەۋۋەر ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى چەت ئەل-
لەرگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشقا ئىئانە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ-
تۇ. سۆز ئارىلىقىدا ئۇ يەنە ئۆزى ياردەم قىلغان ئاشۇ ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەللەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن
كېيىن ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن ئەقىل-
پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساھەلەر بويىچە ئىختىسا-
لىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، تۆھپە يارىتىشىغا
تولىمۇ تەقەززا ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن قەيت قىلىپ
ئۆتتى، بۇنىڭدىن باشقا ئىگە- چاقىسىز قېرىلار ساناتورىيى-
سى قۇرۇش، مەكتەپ بىنا قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئەخمەت
تۆمۈرنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسى ئىكەن.

«جۇڭگو قانۇنچىلىق ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ
2009 - يىللىق 2 - سانىدىن **مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت** تەر-
جىمىسى



# پەرىشتىلەرگە سۆز

غالىب مۇھەممەد قارلۇق

دۇنيانى ئاياللارسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئورنى ۋە رولى بىلەن دۇنيانىڭ يېرىمى، ئەر زاتىنىڭ مەڭگۈلۈك دىلكەشى، سىردىشى، قانىتى. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «ئۆيدە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ»، «ئەقىللىق خوتۇننىڭ سادىغىسى بول»، «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا»، «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا»، «ئانىلار بىر قولى بىلەن بۆشۈكنى تەۋرەتسە، بىر قولى بىلەن دۇنيانى تەۋرىتىدۇ»، «ئاياللار تۈزەلسە مىللەت تۈزۈلىدۇ، ئاياللار خارابلاشسا مىللەتمۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ»، «قىلىچ تۇتقان سەركەردىدىن يىڭنە تۇتقان ئايال ئارتۇق»... دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەت تەلقىنلىرى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى. سۈپىتىدە تارىختىن بۇيانقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىدا ئويناپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك رولىنى شەكسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئايال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە گۈزەللىك ئەلچىسى. ئۇ رۇخسارى بىلەن دۇنيانى بېزەيدۇ، نازاكىتى ھەم خۇلقى بىلەن ئەرنى سۆيۈندۈرىدۇ، كىشىلىك ئالىمىنى رەڭدارلاشتۇرىدۇ. قايسىدۇر بىر شائىر شۇنداق دەپ يازغانىكەن: «قىزلار خۇددى يول بويىدا ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ كۆركەملىكىگە قاراپ پۇراپ تويمايدۇ، بەزىلەر ئۇنى تەشنەكلەرگە ئېلىپ قەدىرلەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى بەرگىدىن ئۈزۈۋېلىپ يېقىملىق ھىدىغا قېنىۋالغاندىن كېيىن چۆرۈۋېتىپ تاشلايدۇ». بۇ گەپتە خاراكتېرگە ياتىدىغان پەزىلەت مەسىلىسى ئاشكارىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەۋەب ئالىمى سۈپىتىدە ئاياللاردىكى گۈزەللىك ئىشارە قىلىنىۋاتىدۇ، ئايال يەنە مۇھەببەت ئالىمىگە ئوت ياققۇچى، مېھرىبانلىقنىڭ يارقىن سىمۋولى. قىسقىسى، ئاياللار ئوماقلىق، گۈزەللىك، مېھرىبانلىق، يېقىشلىق ھەم مۇقەددەسلىككە تەققاسلىنىپ، پەرىشتە ياكى پەرىشتىلەر دەپ ئوبرازلىق ھەم يېقىملىق سۈپەتلىنىدۇ. ئۆزبېكىستانلىق دانىش ئانا تۇرسۇنئاي سادىقوۋا «قىزلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىدە ئايال زاتى ھەققىدە سىرۇ-ئەسرالارغا تولغان ھالدا ھاياجان بىلەن مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ: «‹تۇغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىدىغان بالا قىز بولسا، تولغىقى ئاچچىق بولىدۇ» دەيتتى ئانام. دۇنياغا ئىنقىلابىي جەريان بىلەن كېلىۋاتقىنىڭنىڭ ئۆزى بۇ زاتنىڭ ئاددىي ئەمەسلىكىگە، ئۇنىڭدا بىر گەپ بارلىقىغا ئىشارەت. ئوغۇل بالىغا قارىغاندا قىز بالا جىسمانەن پىششىق تۇغۇلىدۇ ۋە ئاسان چوڭ بولىدۇ، بۇمۇ بىر سىر. ئايال زاتى نىسبەتەن ئۇزاقراق ياشايدۇ، بۇمۇ بىر ھېكمەت. يەنە يا ئوقۇغانمەن، يا ئاڭلىغانمەن —— ئەگەر ئەر كىشى يىللاپ ئەمەس، ئەقەللىيسى بىر نەچچە كۈن داۋامىدا بىر ئايال ئۆتەيدىغان ئىشنى ئىشلەپ باقسا، چارچاپ كېسەل بولۇپ قېلىشى، بولا ئەمەس، ھەتتا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئايال بولسا ئۇززۇلمەن دەپ تۇرغان قىلدەك بېلى، گۈلدەك نازۇك تەبىئىتى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئەركەكلەر كۆتۈرەلمىگەن زىل يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بىمىسلى تاشنى يېرىپ چىققان مايسىدەك، يەنە بۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ياشناپ تۇرۇۋېرىشچۇ. ئىسمىنى بىلگەندىن باشلاپ ئۆز تائىپەمنى ھەيرەت بىلەن كۆزىتىشتىن چارچاپ قالمىدىم. ئايال ئاسرارخانا، ئايال مۆجىزە.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2007-يىللىق 2-سان، 90-بەت). شۇڭا دانىشمەنلەر: «ئايالنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى ئىنسان سۈپىتىدە بىلىپ قەدىرلەش ھاياتى زۆرۈرىيەتلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق ئادەملەرگە مەنسۇپ بولغان مۇھەببەتنىڭ باش شەرتىدۇر»، دەپ ئېيتقان. دېمەككى، ئاياللارنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئورنىنى، رولىنى، قەدىر-قىممىتىنى، ئۆزىدىكى بۈيۈك سالاھىيەت ھەم كۈچ-قۇدرەتنى تونۇپ يېتىشكى قەرز ھەم پەرزدۇر.

ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزىنى قانداق تونۇيدۇ ھەم ئىختىرا قىلىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ دەۋرىمىزدىكى ھەر بىر ئايال زاتىنىڭ، جۈملىدىن ئايال بىلەن ھەمنەپەس ياشىغۇچى ھەر بىر ئەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەممىدە جاۋابىنى بېرىش زۆرۈرىيەتلىكىدىكى چوڭ سوئال. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەدەنىيەتلىك ئەللەردە خانىم-قىزلار تەربىيىسىگە ئېتىبار بېرىلىپ كېلىنگەن. تۈرلۈك ئوقۇشلۇقلار، ئۆگۈت-نەسىھەتلەر، ساۋاق-ھېكايەتلەر، كىتابلار مەيدانغا كەلگەن، بۇلار خانىم-قىزلارنى تەربىيىلەشنىڭ دەستۇرىغا ئايلانغان. تارىختا تۈرلۈك خۇراپىي قاراشلار ۋە فېئودال ئىددىيىلەر تەسىرىدە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىغا، جۈملىدىن خانىم-قىزلار تەربىيىسىگە بىر تەرەپلىمە قاراشلارمۇ بولۇنغان، ھەتتا مەلۇم مەزگىللەرگىچە ئاياللارنىڭ ئاشكارا پائالىيەتلەرگە قاتنىششى چەكلەنگەن، ئىلىم تەلەپ قىلىشى بىدئەتلىك دەپ قارالغان، ئەمەلىيەتتە «قۇرئان كەرىم»دىمۇ: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەر-ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر»، «بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بىلىم ئېلىڭلار» دېيىلگەن. شۇنداق قاتماللىق ئىچىدىمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆز ھوقۇق-مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدىكى ئەقىدە گۈلخانلىرى ئۆچۈپ قالمىدى، بەلكى بارغانسېرى يېلىنجىدى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئاياللار ئازادلىق ھەرىكەتلىرى مانا مۇشۇنداق ئىنتىلىشنىڭ يارقىن سەمەرىسى بولۇپ قالدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئويناۋاتقان رولى، ئۆزىنى ئىسپاتلاپ گەۋدىلەندۈرۈۋاتقان سالاھىيىتى تارىختىكى ئەنە شۇ سانسىز بەدەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. خەلقىمىز ئەزەلدىن خانىم-قىزلار تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مىلادى 11-ئەسىرلەردە ياشىغان پەيلاسوپ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرىلا خانىم-قىزلارغا ئىشارە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قىلىقلىرى توغرا بولسا گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ قىلىقلىرىدۇر، بۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا بۇ يەردە ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش-ھۆسنىدە ئەمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇنداق بولسا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ پاكلىقىدا، ھايالىقلىقىدا، ئەدەپ-ئەخلاقىدا، قىلىق-ھەرىكەتلىرىدە، تەربىيىلىنىشىدە ھەم بىلىمىدە. خەلقىمىز ئۆز قىز-ئاياللىرىغا بولغان تەربىيىنى مانا مۇشۇ نېگىزلىك يۆنىلىش ۋە تەلەپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا تارىخىمىزدا بىزگە، توغرىسى خانىم-قىزلىرىمىزغا ئىلھام، جاسارەت، روھ بېغىشلايدىغان يۇلتۇز سىماللىرىمىز كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. سېمىرا، سىلىغ تېكىن، ئامانىساخان (نەفسى)، زىلەيخا بېگىم، زۇلپىيە قەشقىرى، مۇتربە قەشقىرى، بىبى مەسۇم ئەزىزەم، ھەمرا بۇۋى، زۇمرەت، راھىلە، ئەسىرى، سېكىنە، ئاجىزە قاتارلىق شائىرەلىرىمىز؛ نۇززۇگۇم، ئانارخان، مەسئۇدە، ساجىدە، ئامىنە، شازادىخان قاتارلىق خەلق قوشاقچىلىرىمىز؛ تۇمارىس، يەتتە قىزلىرىم،

نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈل قاتارلىق كۆرەشچان قىزلىرىمىز، راھىلە، ئايخان ئانىغا ئوخشاش مەرىپەتچى ئانىلىرىمىز ئەقىل ۋە ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە كۆرەش بابىدا تىللاردا داستان بولغىدەك مېھنەت سەمەرىلىرى بىلەن ئاياللارنىڭ بىر كىشىلىك ئورنى ۋە تۆھپىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، جۇملىدىن بۇگۈنكى كۈندە مىللىتىمىز خانىم-قىزلىرىنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقى مىسلىسىز دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، تەربىيىلىنىش ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئالتۇن مەزگىلىدە كېتىۋاتماقتا. مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا مەخسۇس خانىم-قىزلارغا ئائىت نەشرىي ئەپكارلىرىمىزمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، گېزىت-ژۇرناللىرىمىزمۇ خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ يۈرەك سادالىرىغا ئۆز سەھىپىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، خانىم-قىزلار تەربىيىسىگە ئائىت تۈرلۈك ئوقۇشلۇق كىتابلار، تەلىم-تەربىيە دەستۇرلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ قاتارىدا مانا كۆز ئالدىمىزدا خەلقىمىزنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇبارەك ژۇرنال — «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىللىق 1-سانىدىكى تۇركىيە ئالىمى ئەلىي نەزىمانىڭ «قىزلار تەربىيىسى» ناملىق ماقالىسى تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسەرنى خانىم-قىزلار تەربىيىسىدىكى بىۋاستىلىكى، مەنپەئەتدارلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدىغان رىزا ئۇددىن ئىبنى فەھرۇددىننىڭ «ئەخلاق بىلىملىرى»، ئالىمەتۇل باناتنىڭ «ئائىلە ساۋاقلىرى»، تۇرسۇنئاي سادىقوۋانىڭ «قىزلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى قاتارىدا خانىم-قىزلىرىمىز ئۈچۈن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ بىباھا مەنىۋى كۆۋرۈكى ھەم بايلىقى. مېنىڭچە، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئەخلاق ئەنئەنىسى، جۇملىدىن پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى بىر يۈرۈش قاراشلىرى، تارىختا ئۆتكەن ئايال روھىيەت مەشئەللىرىمىز بىلەن زامانىمىزدىكى ئايال ئىلھام بۇلاقلىرىمىز، خانىم-قىزلار تەربىيىسىگە ئائىت نەشر كىتابلىرى بۇگۈنكى خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەربىيە كۆزنىكى، دەل مۇشۇ «كۆزنەك» ئارقىلىق خانىم-قىزلار، يەنى ئاياللار ئۆزىنى تونۇيدۇ ھەم ئىختىرا قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

ھازىر زامان تەرەققىي قىلدى، تەرەققىياتنىڭ قەددىمۇ تېز بولۇۋاتىدۇ، ئۆزگىرىش ناھايىتى زور. تونۇگۈنكى يېڭىلىق بۇگۈن ئادەمگە نورمال بىر ھالدا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇچۇرلىشىش، يەر شارى ئادەملىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتتىكى، ياشاش رىقابىتىدىن تۈرتكىلەنگەن تۈرلۈك رىقابەتلەر ئىنتايىن كەسكىنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئادەمدىكى ئىقتىدار رىقابىتى، ئۆزىنى كۆچەيتىپ نامايان قىلىش رىقابىتى مۇشۇ رىقابەتلەر ئىچىدىكى بىرىنچىلىكنى قولغا ئالماقتا. بۇ مۇقەررەركى ئۆگەنمىسە بولمايدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزماقتىن بۆلەك چارە يوق بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مىللىي كىملىك، ئۆزلۈك، ئەنئەنە، مەدەنىيەت، ئەخلاق مەسىلىسىمۇ بارغانچە زاھىر بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ھال مىللىتىمىز كىشىلىرىنى، جۇملىدىن «دۇنيارىمىز»نىڭ يېرىمى بولغان خانىم-قىزلىرىمىزنى تىرىشىپ ئۆزىنى تونۇش ھەم ئىختىرا قىلىشقا تەخىرسىز ئۈندىمەكتە. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئومۇمىي جەھەتتىن مىللىتىمىز خانىم-قىزلىرىنىڭ روھىيىتىدە ياخشى يۈزلىنىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئايال چولپانلار، يول ئاچقۇچىلار، جاسارەت ئىگىلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك ئىش. شۇنداقتىمۇ دەۋرنىڭ كەسكىن تەلىپىدىن ئېيتقاندا بۇ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىمىز ھەم ئېھتىياجىمىزنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شۇنداقلا دۆلەتلەر، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى چېگرا پاسىللىرىنىڭ پاچاقلىنىپ كېتىشى ۋە يەر شارىلاشتۇرۇش چۇقانلىرى ئارقىسىدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىپ تەسىرلىشىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ قەلب ۋە ئەقىل كۆزلىرى ھەررەڭ-سەررەڭ ئېزىتقۇلارنىڭ سېھرى بىلەن توسۇلۇپ، خىرەلىشىپ، ياتلىشىش ۋە ئاينىش (ئېزىقىش)نىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتمەكتە. ئۇلاردىن يا مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلېمېنتنى، مىللىي مەدەنىيەتكە خاس ئۇچۇرنى، مىللىي كىملىك خاراكتېرى ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى، مىللىي مەسئۇلىيەت ھەم كىرىزىس ئېڭىنى تاپقىلى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەكسىچە مىللەتكە، خەلق يۈزىگە داغ چۈشۈرىدىغان زىددە پەسلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىھايالىق،

ئويۇنخۇمارلىق، ياسانچۇقلۇق، «مودا» خۇمارلىق، زىبۇ- زىننەت ھەم كىيىم- كېچەك مەستانىلىكى، چېكىملىك ھەم شاراپخورلۇق، ھورۇنلۇق ۋە بىلىمسىزلىكلەر... قىسمەن خانىم- قىزلىرىمىزدا يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈپ ئەدەپ كەتمەكتە. ئىپپەت ۋە قەدىر- قىممەت ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بەزى خانىم- قىزلىرىمىزدىكى مەۋجۇت رېئاللىق. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلاردىن قانداقمۇ دەۋرىي مەسئۇلىيەتنى، ئاياللىق نازاكەتنى، پاكىز ئىمان ۋە ئەقىدىنى، «ئانا»لىق بۇرچىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز؟ ئۇلار ھەقىقەتەن دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن بىر داغ، ئارىسىغا چۈشكەن مىتە، جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ يۈزىگە سۈركەلگەن قارا، پارلاقلىق ئۈچۈن رەڭ ئىزدەۋاتقان، جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن پۈتلىكاشاڭ. ئەجەبا بىز ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلەيمىزمۇ؟ تەرەققىيات، گۈللىنىش ھامان ئومۇملۇق دەرىجىسىگە يەتكەندە ئاندىن مىللەتكە ئورتاق ئىستىقبال قولغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ ئويغىتىش- ئويلاندۇرۇشقا، سەگىتىشكە، تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە خانىم- قىزلار تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىزنىڭ، بولسا كېچىكتۈرمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. «مىراس» ژۇرنىلىدا «قىزلار تەربىيىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشىنىمۇ ئەنە شۇ زۆرۈرىيەت ئالىمىنىڭ تەقەززالىقىدىن بولغان، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يىراقنى كۆرەر «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا، ئۇ ئارقىلىق تەرجىمان ئەمگىكىگە تەشەككۈر!

ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا ئېتىبارسىز قارىغان مىللەت زەبۇنلۇققا يول ئالغان مىللەتتۇر. قايسىدۇر بىر چەت ئەللىك مەشھۇر زاتنىڭ: «بىزگە كەلگۈسىنى تۇغالايدىغان ئانىلارنى بېرىڭلار» دېگىنىدەك ئاياللارنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق. ئاياللارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ يېتىشى ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئورنى ھەم قەدىر- قىممىتىنى چۈشىنىشكە قارىتىلغان. مېنىڭچە بۇ جەريان ئاياللارنىڭ ئۆزى تەۋە مىللىي گەۋدە ئىچىدىكى ساداقەتنى ئۆگىدۇرۇۋەتمىگەندىكى تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۆزىدىنى مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ ھېسابلايدىغان ھەر بىر ئايال جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك سالاھىيەت سىنىقى. ئىختىرا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ يېتىش جەريانى تاماملانغاندىن كېيىنكى ئۆزىدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان ھاياتىي كۈچىنىڭ نامايان قىلىنىش ھەم ئىسپاتلىنىش جەريانىدۇر. مېنىڭچە، بۇ جەريان ئەڭ نادىر كۆرۈنۈشلەرگە، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرگە، يىقىلماس ئابىدىلەرگە تولغان بولىدۇ. ئاياللىق قىممەت بۇ باسقۇچتا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا بۇ باسقۇچقا يەتكەن ئاياللارنى ئويغىنىش دەۋرىگە كىرگەن ئاياللار، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، بىراق بۇ باسقۇچ ھەممىلا ئاياللارغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى مۇكەممەل ساپا ۋە تىرىشچانلىقنى ئۆرنەك قىلغان جاسارەتلىكلەرگە نېسىپ بولىدۇ. بىز خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ئىمكانقەدەر مۇشۇ باسقۇچقا يېتىشىنى ئۆزىگە تەقدىر قىلىپ تاللىۋېلىشقا تىلەكداشمىز. شۇندىلا تارىخ ۋە كىشىلىك ھايات سەھىپىلىرىمىزدە ئايال روھىيەت مەشئەللىرىمىز، نۇرلۇق سىمالىرىمىز كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كېلەلەيدۇ ھەمدە خەلقىمىزنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ يۈزلىنىش بىزدە قانچىكى روشەن روي بەرسە، ئىقبال ئىشىكلىرى شۇنچىكى كەڭ ئېچىلىدۇ، قۇت چېچەكلىرى شۇنچە پورەكلەيدۇ. ئىستىقبالدا ئاياللارمۇ ئاچقۇچ، بۇرچ ۋە جاۋابكارلىقتا ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. ئاياللار ئايالغۇچى، سۆيگۈچى ۋە سۆيۈندۈرگۈچى، ئىلگىرىلىگۈچى ۋە بېغىشلىغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئورنىنى، ئۆتەيدىغان رولىنى، ئالىدىغان جاۋابكارلىقىنى، ھۆرمەتلىنىدىغان قەدىر - قىممىتىنى، يېپىلىدىغان شانۇ - شەۋكىتىنى ئەرلەر ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاياللار ئۇلۇغلۇقتا يېگانە، تۆھپىدە ھاتەم، ئۇلارنى سۆيگەنلىك ئۆزىمىزنى سۆيگەنلىك، كەلگۈسىنى سۆيگەنلىك.

ھەي پەرىشتىلەر، سىلەر بىزنىڭ بەخت دىلبىرىمىز، ئىقبال ھەمراھىمىز، گۈلدەك ھايات ھەر بىرىڭلارغا نېسىپ بولغاي...

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46- ئوتتۇرا مەكتەپتە)




# سان ھەققىدە دېيىلمىگەن گەپلەر

**ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە**

«سانلار سىمۋول بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. بىز بۇ جايدا ئىشلىتىۋاتقان سىمۋول دېگەن سۆز مەيلى ئۇ ئاڭلىتىۋاتقان ئۇقۇم نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭ تارىختا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرتىپى نۇقتىسىدىن بولسۇن بىر دەك سەنئەتنىڭ باشلىنىشىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا (سىمۋول ـ ئا) ئىپادىلەنگىنى سەنئەتتىن بۇرۇنقى سەنئەتتۇر». شۇڭلاشقا، مەدەنىيەت ھادىسىمىزنىڭ مۇھىم بۆلىكى بولغان سانلارنىڭ مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر شەكلىنى چۈشىنىشكە، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشكە، شۇنداقلا ئۆۋەتتىكى تىرىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ۋە چۆچەكلىرىمىزگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1) ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئابستراكت تەپەككۇر كەمچىل ئىدى

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئابستراكتلاشقان ئانالىز ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن ياكى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئۇلار شەيئىلەرنى ئىپادە قىلىشقا بەلگىگە تايانغان. بۇ بەلگىلەرگە سىمۋوللۇق تۈس بەرگەن. ئۇلار يەنە تۇرلۇك شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئىزدەشتىن باشقا يەنە، بۇ تۇردىكى شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىلىشكە قىزىققان. ھېسابلاش نۇقتىسىدا ئۇلار ئەڭ بۇرۇن قىلالىغان ئىش يەككە شەيئى بىلەن توپ شەيئى ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلىش. بىز، ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىر ئادەمنى بىر تال مېۋە بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، بىر قانچە ئادەمنى بىر قانچە مېۋە بىلەن، بىر توپ ئادەمنى بىر توپ ياكى بىر قانچە توپ مېۋىلىك دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلساق بولىدۇ (ئەلۋەتتە بۇ بەلگىشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر)، ئەمما بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سانغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار سان (يەنى، بىر، ئىككى دېگەندەك) نىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشكە قارىغاندا بىرلىك ۋە كۆپلۈكنى ئىپادە قىلىدىغان سۆزلەرنى بالدۇرراق ئىپادە قىلالىغان. مەلۇم تەپەككۇر باسقۇچىدا ئاندىن بىر ياكى ئىككى دېگەندەك سانلارنى ئىپادە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. دەرۋەقە «نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي مىللەتلەردە (مەسىلەن، ئاۋسترالىيە، جەنۇبىي ئافرىقا) سانلارنىڭ يەككىلىكى ئىپادە قىلىنغان سانلاردىن بىر ۋە ئىككىلا بولغان، ئارىلاپ ئۈچمۇ ئۇچراپ بولغان»لىقىمۇ مەلۇم. ئەپسۇسكى، بىز بۇنداق ئىپتىدائىي مىللەتلەرنى كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى بىزنىڭكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزمۇ قىيىن. نۇرغۇنلىغان ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى بالىلارنىڭ تەپەككۇرى بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرلەشتۇرۇپ قاراشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇ مەنىدە مەنمۇ باللارنىڭ تەپەككۇرىغا يېقىنلىشىش ئەينى دەۋردىكى تەپەككۇر شەكلىنى ئىنقىلاشقا مەلۇم پايدىسى تېگىدۇ. دەپ قارايمەن. بەش ياش ئەتراپىدىكى باللارغا سان ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈش ئىنتايىن قىيىن. قارىماققا ئۇلار بىز ئۆگەتكەن سانلارنى ئەستە تۇتۇۋالغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت دېگەندەك سانلارنىڭ ئاتالغان مەنىسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. تۆۋەندە ئۇقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن قىزىم چوغلۇق (بەش ياش) بىلەن قىلىشقان دىئالوگنى سۇندۇم:

— قىزىم، باللار بايرىمىدا، سىزنى تازا ئوبدان ئوينىتىپ قوياي، جۇمۇ؟

— باللار بايرىمى قاچان، دادا؟

— يەنە بىر ئايدىن كېيىن.

— بىر ئاي دېگەن قاچان؟

— بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن.

— ئوتتۇز كۈن دېگەن قاچان.

مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق سانلارنى قىزىمغا چۈشەندۈرەلمەي ئاۋارە بولىمەن، چۈنكى يۈزگىچە ساناشنى بىلگەن قىزىم ھەمىشە ھەتتا ھەپتىدىن كېيىن دېگەن ئۇقۇمنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئەپلىك سۆزلەپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتىدۇ:

— ئوتتۇزكۈن دېمەي ئەتە، ئەتە دەپ بەرگىنە.

— بولىدۇ، ئوتتۇز كۈن دېگەنچۇ، ئەتە، ئەتە، ئەتە، ئەتىدىن كېيىنكى ئەتە

مۇشۇ چاغدا قىزىم ئاندىن قانائەت ھاسىل قىلدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئوتتۇز كۈننى ئىپادىلەش ئۈچۈن چوقۇم ئەتىدىن ئون بەشنى ئېيتىپ بېرىشىم بىھاجەت. ئىشقىلىپ بىر قانچە ئەتىنى ئېيتىپ بەرسەم قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن كۈن دېگەننى مۇشۇنداق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك. كېيىن چۈشەنسەم قىزىمنىڭ ئىدىيىسىدە كۈننى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ چوڭ بىرلىك ئەتە ئىكەن. ئۇ ئەتىنى ئەڭ چوڭ سان دەپ بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ساننى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئەتە دېگەن سۆزنى قوشقان چېغىمدا ئاندىن چۈشىنەيدىكەن. قىزىم بىلەن بولغان بۇ پاراڭ ماڭا ئىلھام ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەسلىدىكى مۇئەللىملەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقا باللارنىڭ سان ئىقتىدارىنى سىناپ باقتىم. دەرۋەقە مەن ستاتىستىكا قىلغان يۈز بالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاي ئۇقۇمىنى، يىل ئۇقۇمىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتە دېگەن ئۇقۇم ئاساسىدا كۈنلەرنى پەرقلەندۈرىدىكەن.

ئەگەر سان ئۇقۇمىنى ئۆگىنىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا باللار شۇنچىلىك سانلارنىمۇ چۈشىنەلمىگەن يەردە، تېخىمۇ كۆپ سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىپتىدائىي ئىنسانلار قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن؟

«ئىپتىدائىي تەپەككۇر» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايانلار بېرىلگەن: «ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا سان ھەققىدىكى سۆزلەر ئىنتايىن كەمچىل بولغان. بۇ ئېھتىمال ئىپتىدائىي لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇشى مۇمكىن». ئۇلار سانلارنى ئىپادىلەشتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ، دەپ قارىغان باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. مەسىلەن، ئون بارماقنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن سان قويۇش. ئەگەر سانلار ئوندىن ئېشىپ كەتسە ھەتتا پۇت بارماقلىرىنىڭ نامى بويىچە ئاتاش. يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتسە باشقا ئەزا مەسىلەن، مۈرە، تىز دېگەندەكلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتاشتەك ئۇسۇللار قوللىنىلغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، «ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا سان بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي مەنىدىكى سانمۇ بولمىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكىنى پەقەت سانلارنى ئەستە تۇتۇشقا ياردىمى بولىدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت».

2) ئورتاقلىق پرىنسىپى سانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارىلىشىدىكى سەۋەب

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىر دېگەن ساننى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇمنى ئىپادىلىشىگە ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئىككى ياكى ئۈچ دېگەن ساننى ئىپادىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور ۋاقىت سەرپ قىلغان. مەن چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن شۇ سان ئاساسىي ئورنىدا تۇرغان دەۋرنى ساننىڭ نامى بىلەن ئاتىدىم. يەنى بىرلىك دەۋردە بىر دېگەن سانلا بولغان. بىردىن ئېشىپ كەتكەن سانلارنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە ئاددىيلا قىلىپ «ناھايىتى نۇرغۇن» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆزنى، بەلگىنى ئىجاد قىلىشقان. ئالايلى، ئەڭ چوڭ بولغاندا تۆتكىچە بولغان سانلارنىڭ مەنىسى بىلەن بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن «گۇئارانلار (guaranis) تۆتتىن ئارتۇق سانلارنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە دەرھاللا چەكسىز دېگەن سۆزنى ئىپادە قىلغان».

بۇنىڭدىن باشقا سان ھەققىدىكى تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەگەر قوشنا سان ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە، بىرلەمچى سانغا ئىككىلەمچى ساننى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئىپتىدائىي تەپەككۇر ناملىق كىتابتا دېيىلىشىچە ئىپتىدائىي مىللەتلەردە ئۈچنى ئىككى بىر، تۆتنى ئىككى ئىككى، بەشنى ئىككى ئىككى بىر دەپ ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدىلىك بايقالغان (ئوقۇرمەننىڭ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن قىزىم بىلەن قىلىشقان

دىئالوگقا قايتا نەزەر سېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن). دېمەك، بارلىق سانلارنىڭ تەركىبىدە چوقۇم شۇ سان بولىدۇ، دەپ قاراش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا مۇقەددەس سان چۈشەنچىسى قانداق پەيدا بولغان دېگەن چۈشەنچىگە مەلۇم ئاساس سالىدۇ. بىزنىڭ هازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتىمىزدا ئاساسىي جەھەتتىن سانلارنىڭ مۇقەددەسلىكى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ سانلارنىڭ شۇنداق مۇقەددەس سان دەپ قارىلىشىدىكى سەۋەب ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. مەنچە سانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارىلىشىدىكى پرىنسىپ بىلەن ئانىمىزم چۈشەنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى پرىنسىپ مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئانىمىزم ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش پرىنسىپى ئىپتىدائىي ئىنسانلار شەيئىلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنەلمەي، بارلىق نەرسىلەردە روھ بولىدۇ دەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ سەۋەبتىن شۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىۋالغان. ئەمەلدە ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى دەل روھتىن ئىبارەت. ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدا ئابستراكتلىقنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا بىرەر كونكرېت ئۇقۇمنى قوشۇپ ئىپادىلىگەن. «‹ياۋايى تەپەككۇر› ناملىق كىتابنىڭ باش قىسمىدا لېۋى. ستراۋس تەپەككۇرشۇناس توبىنىڭ سۆزىنى مىسالغا كەلتۈرۈپ: بارلىق ئىلاھىي نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنىغا ئىگە، دەيدۇ». شۇ ۋەجىدىن گەرچە نۇرغۇن ئىپتىدائىي تۈركۈملەر روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلسىمۇ ئەمما، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى پەيدا بولغان. تەبىئىي هالدا بىر مىللەتكە تەۋە بولغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشىمىغان ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. بۇ خۇددى بىر قىسىم كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئوخشاش مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان «سانلىق» مەۋجۇت دېگەن ھۆكۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز ئانىمىزم چۈشەنچىلىرىدىكى «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دېگەن قاراشنى نىسپىي هالدا ئاددىيلاشتۇرۇپ، «شەيئىدە روھ بولىدۇ» دەپ قارىساق ۋە بۇ ئۇقۇمنى a دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ هالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان تۈرلۈك شەيئىلەر مۇنداق شەكىلدە بولغان بولىدۇ. يەنى: بۆرە +a، كالا +a، چاشقان +a، دەرەخ +a، يۇلتۇز +a، تۇپراق +a دېگەنلىك. دېمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇ شەيئىلەرگە ئېتىقاد قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بارلىق شەيئىلەرگە ئورتاق سىڭىپ كەتكەن ئۇقۇم روھ (a)نىڭ بولۇشىدۇر.

ئەمدىكى نىشانىمىز، سانلارنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىپ تاللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىسپاتلىغىلى بولامدۇ، ـ يوق، دېگەن مەسىلە بىز ئالدى بىلەن بىرلىك سىستېمىدا ئىجاد قىلىنغان تەرتىپ بويىچە بىر دېگەننى $a_1$ دەپ ئىپادە قىلساق ئۇ چاغدا ئەينى دەۋردىكى بىر قاتار سانلار ھەممىسى دېگۈدەك، $a_1$، $a_1$، $a_1$، $a_1$، $a_1$، $a_1$ ۋە نۇرغۇن $a_1$ دېگەن شەكىلدە ئىپادىلەنگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئىككىلىك سىستېما نۇقتىسىدا تۇرۇپ قاراپ باقساق ۋە ئىككى دېگەن ساننى $a_2$ دەپ قارىساق ئۇ هالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىككىنى $a_2$، ئۈچنى $a_1+a_2$، تۆتنى $a_2+a_2$، ئۈچلۈك سىستېمىدا بولسا ئۈچنى $a_3$ دېسەك ئۇلار تۆتنى $a_1+a_3$، بەشنى $a_2+a_3$ دەپ ئىپادە قىلىشىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلار مەلۇم بىر ساننى بىلگەن چاغدا تەپەككۇرنىڭ چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن يەنە بىر خىل ساننى بىلەلمىگەندە، بارلىق سانلارنىڭ تەركىبىدە شۇ خىل ساننى بار دەپ ئويلىغان، شۇ ساننى ئەڭ چوڭ سان دەپ قارىغان. نەتىجىدە بۇ سانلار ئانىمىزم چۈشەنچىلىرىدىكى روھ دېگەن سۆزگە ئوخشاش بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەركىبىدە مەۋجۇت ۋە ئەڭ چوڭ (ئەڭ قۇدرەتلىك ) دېگەن شەرتنى هازىرلىغان. ئەڭ ئاخىرىدا مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مانا بۇ مەزكۇر تېمىمىزدا دېيىلگەن ئورتاقلىق پرىنسىپى. مېنىڭ بۇ قىياسىم «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئابستراكت تەپەككۇر شەكلىگە ئىگە ئەمەس ئىدى»، دېگەن ھۆكۈم بىلەن سىغىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس دەپ بىلىۋاتقىنى چىن مەنىدىكى سان ئۇقۇمى ئەمەس بەلكى مەلۇم نەرسە بىلەن باغلىنىشلىقى بولغان سان ئۇقۇمى. شۇڭلاشقىمۇ ماقالىمىزدە دېيىلىۋاتقىنى چىن مەنىدىكى سانغا قارىغاندا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە سانغا بەكرەك مايىللىشىدۇ. يەنى ئىنسانلار قايسى ساننى مۇقەددەس سان دەپ قارىغان بولسا، ئۇلار بۇ ساننى شۇ سان بىلەن چەكلىنىدىغان مەلۇم شەيئىگە باغلاپ تۇرۇپ ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە شۇ سان چەكلىملىكىدىكى ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى مەيدانغا كەلگەن. بىرلىك سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار بىر ۋە يەككىلىكنى بىلدۈرىدىغان مەلۇم ئۇقۇمنى قوشۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ماتېرىيال يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئانالىز قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. ئەمما ئىككى، ئۈچ ۋە تۆتلۈك سىستېما چۈشەنچىسى ھەققىدىكى پاكىتلار يېتەرلىك. مەسىلەن، ئىككىلىك سىستېما بويىچە سانلارغا ئەھمىيەت بەرگەن مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي هالىتىدە شەيئىلەرنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش ئادىتى كېلىپ چىققان. مەسىلەن، «سىمۋول بوستانى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋىكتور تورنېر ندومبۇ قەبىلىسى (قىزىل ۋە ئاق) ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بىر قىسىم قەبىلىلەرنى تەكشۈرگەندە ئۇلاردا ئۈچ خىل رەڭنىڭ (قىزىل، ئاق،

www.uyghurkitap.com



قارا) مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. مەنچە: ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە كۆز قاراشلار، يامانلىق ۋە ياخشىلىق تەگردىسى ئاخرامازدا ۋە ئانگىرامەنيۇ ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئىككى دېگەن سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى ئىككىلا شەيئىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدىن شادلانغان ئەجدادلار شۇ ئىككى شەيئى ئارقىلىق دۇنيانىڭ چېكىنى بېكىتكەن. دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ قۇدرىتىنى شۇ ئىككى شەيئىگە سىغدۇرغان. يەنە ئوڭ تەرەپ ۋە سول تەرەپ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ ئىككىلىك سىستېما ھەققىدىكى ساقىندى چۈشەنچە بولۇشى مۇمكىن، ئۈچلۈك سىستېمىدىكى سانغا مۇناسىپ چۈشەنچىگە كەلسەك، ئىنسانىيەت ئېتىقاد تارىخىدا ئالەمنى ئۈچكە بۆلۈدىغان قاراشلار كەم ئەمەس. مەسىلەن، شامان چۈشەنچىسىدە پۈتكۈل ئالەم ــ ئاسمان (يورۇقلۇق دۇنياسى)، يەر (ھاياتلىق دۇنياسى) ۋە يەر ئاستى (قاراڭغۇلۇق دۇنياسى) دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلگەن. بۇ، ئۈچلۈك سىستېمىنىڭ شامان دىنىدا ئەكس ئېتىشى (مۇشۇ مەنىدە ئۈچ دېگەن سان شامان دىنىدىن قېپقالغان چۈشەنچىمۇ ياكى شامان دىنىدىن ئىلگىرىلا ھاسىل بولۇپ، كېيىنچە شامان دىنىغا مىراس سۈپىتىدە قېپقالغانمۇ، دېگەن نۇقتىدا قايتا ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ). تۆتلۈك سىستېما دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە تۆت تەرەپنى ئۇلۇغ بىلىدىغان ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرگەن. تۆتلۈك سىستېما دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سان مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. «كۆپ ساندىكى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تۆتكە يىغىنچاقلىغان ئالاھىدە مەنىسى باشقا ھەرقانداق ساندىن ئېشىپ كەتكەن، تۆت ۋە ئۇنىڭ ھەسسىلىك سانلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەرگە ۋە مۇشۇ تەرەپلەردىن كەلگەن شاماللارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. يەنە گرېكلار سىزغان كرېست بەلگىسىمۇ تۆتكە بولغان چوقۇنۇشنىڭ ئىپادىسىدۇر». تۆت ۋە ئۈچكە بولغان چوقۇنۇش نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە تۆت خىل شەكىل ياكى تۆت خىل ھايۋانغا چوقۇنۇش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مەن ئۇلانما شەكىلدە كېلىدىغان بىر قانچە سۆزنى ستاتىستىكا قىلغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ دەرۋەقە ئۈچ ياكى تۆتتىن ئېشىپ كەتمىگەنلىكىنى بايقاپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم. مەسىلەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى «مەن»دىن چوڭلارغا قاراپ تىزساق «دادا، بوۋا» دېگەن ئىككىلا ئۇقۇم بولغان. ئەگەر بىز بۇنى «دادا، چوڭ دادا» دەپ ئىپادە قىلساق، ئۇ چاغدا بۇ سۆزلەر ئىككىلىك سىستېما بويىچە ئىجاد قىلىنغان بولىدۇ. «دادا، بوۋا» دېگىنىمىز بولسا، ئۈچلۈك سىستېما بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر.

ئەگەر بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى كىچىكلەرگە قاراپ تىزساق ئۇ ھالدا «نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە» دېگەن شەكىل بويىچە مەيدانغا كېلىدۇ. پەينەۋرە دېگىنىمىز ئەۋرە دېگەن ئۇقۇم بىلەن تەگداش بولۇپ، ئۇ نەۋرە دېگەن سۆزنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغاچقا، ئۈچلۈك سىستېمىدا ئىجاد قىلىنغان سۆز دەپ قارىساق بولىدۇ. «كۈكۈن نەۋرە» دېگەن سۆز بولسا يۇقىرىدا بايان قىلغان بويىچە «كۆپ» دېگەن سۆزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدا كۆرۈلۈشى.

كۈننى ئىپادىلەيدىغان سانلارغا قاراپ باقساممۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆزگە چېلىقىدۇ. كۈننى «بۈگۈن»دىن باشلاپ ئىپادە قىلساق، «ئەتە، ئۈگۈن، ئىندىن (شىنجاڭدا ئىنتايىن ئاز جايلاردا چەندىن دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ)» بولىدۇ. كېيىنگە ئىپادە قىلساق، تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن، دېگەن كۈن ناملىرىنى بىلىمىز.

مەن بۇ خىل ئاتاش ئادەتلىرىنى مۇنداق تىزىپ باقتىم.

| | |
|---|---|
| بوۋام دادام مەن | بالام نەۋرەم ئەۋرەم چەۋرەم |
| 3 | 4 |
| چەندىن ئىندىن ئۈگۈن ئەتە | بۈگۈن تۈنۈگۈن ئۈلۈشكۈن |
| 4 | 3 |

دېمەك، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى جەمئىي يەتتە بولۇپ ئۈچ بىلەن تۆتنىڭ يىغىندىسىدىن ياكى ئۈچ بىلەن ئۈچنىڭ يىغىندىسى ئاندىن بىرنى قوشقاندىن ئېشىپ كەتمىگەن. كۈننىڭ نامىنى ئاتايدىغان ناملارمۇ بۇ قائىدىگە بويسۇنغان.

كۈننىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ يەتتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بىزدە بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈن بويىچە بىرلىك قىلىپ ئايرىلىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سانغا ئائىت تەپەككۇرى ۋە تونۇۋېلىش قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇماننى روياپقا چىقىرىدۇ.

ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە مەلۇم ساندىن ھالقىغان ساننى ئىپادە قىلالماسلىقى باشقا نۇرغۇن سانلارنى شۇ سان بويىچە ئىپادە قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە شۇ سانغا خۇددى بارلىق شەيئىنىڭ تەركىبىدە بار بولغان روھنى ئۇلۇغ بىلگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغ بىلگەن. خۇلاسىلىگەندە مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ: بىرىسى «ئونغىچە بولغان سانلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولمىغان بىرمۇ سان بولمىغان». ئىككىنچىسى، ھەر بىر سان ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغاندا شۇ ساندىن ئارتۇق سانلار ئەڭ زور دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچى، ھەر بىر سان سىستېمىسى يېڭى سىستېمىغا ئورۇن بوشاتقاندا كېيىنكى سىستېمىدا داۋاملىق ئەكس ئەتكەن ۋە داۋاملىق ئۇلۇغلانغان.

2009.

2. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان سانلار

بىرىنچى، ئۈچ

ئۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېپىزوتلار بىر قەدەر كۆپ:

A. ئۈچ ئوبراز تىپى. ئۈچ ئوبراز تىپى دېگىنىمىز، پروفېسسور ئوسمان ئىسمائىلنىڭ «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدىكى «ئۈچ باتۇرنىڭ يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى»، «بارسا كەلمەس ۋە بارسا كېلەر يول سەپەرلىرى»، «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مەلىكىنىڭ لايىق تاللىشى»، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىنىڭ لايىق تاللىشى»، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ دانىشمەنلىكى»، «كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشى»، «باش پېرسوناژنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى» قاتارلىق مۇتىفلىرىدە دېيىلگەن ئوبرازلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە كۆپىنچە بىر كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى ياكى ئۈچ قىزى بولىدۇ. بۇ ئۈچ كىشى سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىدۇ.

B . ئۈچ قاتلاملىق ۋەقە. نۇرغۇنلىغان چۆچەكلەردە ۋەقەلىك ئۈچ قېتىملىق ۋەقەلىك ئۇلانمىسى ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە باش قەھرىمان ياۋۇز كۈچلەرنى ئۈچ قېتىملىق ئېلىشىش ئارقىلىق يېڭىدۇ. ۋاپادار قۇش ئۈچ قېتىم ياخشىلىق قىلىدۇ. خاسىيەتلىك نەرسە ئۈچ قېتىم كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. باش قەھرىمان ئۈچ ھايۋاننى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. باش قەھرىمان يەنە ئۈچ قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىك ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇلارغا مۇنۇ چۆچەكلەر مىسال بولالايدۇ: «ۋاپادار قۇش»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «بۇلبۇلگويا»، «ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا»، «كەنجى باتۇر»، «خاسىيەتلىك تاش».

C. ئۈچ شەرت. شەرت قويۇش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ۋەقەلىك راۋاجىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ، بولۇپمۇ، ئۆيلىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان چۆچەكلەردە بۇ خىل ئەھۋال بىر قەدەر كۆپرەك. بۇلاردا شەرت مۇنداق ئەھۋالدا قويۇلىدۇ: يەنى باش قەھرىمان (بەزىدە كەمبەغەل يىگىت، بەزىدە شاھزادە) بىرەر قىزغا (بەزىدە كەمبەغەلنىڭ قىزى بەزىدە مەلىكە) ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. يىگىت ئۇنى ئالماقچى بولغاندا، ياكى قىز ئۆزى ياكى پادىشاھ شەرت قويىدۇ. قىزنىڭ شەرت قويۇشى بىۋاسىتە بولىدۇ. پادىشاھنىڭ شەرت قويۇشى ۋاسىتىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ياكى قىزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاۋامغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، «ئەگەر كىمكى قىزىمنى داۋالىيالىسا ئۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ يېرىمىنى سوۋغا قىلىمەن» دەيدۇ. باش قەھرىمان بۇنى ئورۇندىغاندا بولسا، ۋەزىرلەرنىڭ گېپى بىلەن ئەسلىي ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ. باش قەھرىمانغا ئۈچ قىيىن شەرت ئوتتۇرىغا قويىدۇ. باش قەھرىمان ئاخىر ئۇنى ئورۇنداپ قىزنى ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردىن «موزدۇز»، «تۆت ھەمراھ»، «كۈنگۈ سۇلۇ» ، «ئۈچ ۋەزىپە»، «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

D. ئۈچ پەرھىز. بۇنىڭغا «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى مىسال بولالايدۇ.

ئىككىنچى، يەتتە

«مەستانە كەمپىر»، «بۇلبۇلگويا»، «ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا»، «ھۆۋەي باتۇر»، «يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «ئالتۇن شەمشەر»، «شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى»، «شاھزادە ھەسەن»، «ئەجەمەن باتۇر»، «يۈز شېھىت»، «قاسىم ئوغرى»، «ئالتۇن شەمشەر» قاتارلىق بىر قاتار چۆچەكتە يەتتە ھەققىدىكى بايانلار ئۇچرايدۇ.

A. يەتتە باشلىق يالماۋۇز. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى مەركەز قىلغان چۆچەكلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار كۆپىنچە باتۇرلارنىڭ قارشىسىغا قويۇلىدىغان ئوبرازلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتتە بېشى بولىدۇ. باش قەھرىمان ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ چېپىپ ئاخىر غالىب كېلىدۇ.

B. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي. بۇ ئاساسەن «پادىشاھلار ياكى باش قەھرىمان غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، خۇشاللىق ئۈچۈن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي قىلدى» دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق يۇرتنى چاقىرىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چوڭ توي ـ مەرىكە قىلىپ، ئايجامالنى ئەمرىگە ئاپتۇ».

C. يەتتە قەھرىمان ۋە يەتتىنچى قەھرىمان. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە يەتتە قەھرىمان ياۋغا قارشى تۇرۇپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. يەتتىنچى قەھرىمان ئاخىرىدا ئەڭ قۇدرەتلىك بولۇپ، ياۋۇز كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. مەسىلەن، «ھۆۋەي باتۇر».

ئۈچىنچى، قىرىق

قىرىق ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان سان تۈرى بولۇپ، ئاساسەن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدۇ. بەزىدە قىرىق كۈن دېگەن شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ. قىرىققا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بەزىدە ئوتتۇز توققۇز دېگەن سانمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

A. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي.

بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە ساندىكى «يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي» دېگەن شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى پادىشاھ

ياكى باش قەھرىمان ئۆز يارىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندىن كېيىن، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ خۇشاللىقنى ئىپادە قىلىدۇ. بەزىدە قىرىق بىر كۈن توي قىلغان شەكىلمۇ ئۇچرايدۇ.

B. قىرىق بىلەن باغلانغان مۇشەققەتلەر. بىر قىسىم چۆچەكلەردە باش قەھرىمان مەلۇم پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىن، شۇ پەرھىزنى يېشىش ئۈچۈن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز مېڭىشقا، قىرىق يىل جاپا تارتىشقا، قىرىق مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىغا كىرىشكە، قىرىق يىلان ياكى قىرىق يولۋاستىن قورقماي غاردىن ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. «شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق بايان بېرىلگەن: «بۇ يەردىن توپتوغرا يەتتە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن بىر دەريا ئۇچرايدۇ. دەريادىن ئۇياققا يەتتە ئايدا ئۆتكىلى بولىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا غايەت زور بىر تاغ بار. بۇ تاغ بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ. شۇ تاغنى تۇزلىۋەتكەندە، ئاستىدا قىرىق مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق بار»، دەپ بېرىلگەن.

تۆتىنچى، يەتمىش، يەتمىش ئىككى

A. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە. بۇنىڭدا كۆپىنچە مەلۇم بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بارلىق كىشىلەر سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

B. يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر، يەتمىش تۈرلۈك غىزا، يەتمىش كىشى دېگەندەك. بۇنىڭدا يەتمىش دېگەن سان مەلۇم ئىسمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئالتۇن شەمشەر» چۆچىكىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئوغۇل ئالتۇن شەمشەرگە بۇيرۇق قىپتۇ: ماڭا تاماق تەييار بولسۇن دەپتۇ ـ دە، ئۆزى ھەيران قاپتۇ. تاماقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن يەتمىش ئىككى خىل غىزا تەييار بوپتۇ». بەزىدە يەتتە سانى ھەسسىلىنىپ يەتمىش مىڭ، يەتمىش يەتتە قاتارلىق سانلار بىلەن بىرىكىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق دېيىلگەن: «باللىرىم يېشىم بىر يەرگە بېرىپ يەتتى. ئۆمرۈم ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى. خام ھېساب قىلغىنىمدا يەتمىش يەتتە تۈرلۈك ھۈنەر بىلىدىكەنمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم دۇنيادىكى ھۈنەرنىڭ مىڭدىن بىرىچىلىكمۇ ئەمەس، ئادەم بالىسىغا يەتمىش مىڭ تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ».

بەزى چۆچەكلەردە يەنە يەتمىش يەتتىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا «يەتمىش ئالتە» دېگەن سانمۇ ئۇچرايدۇ: مەسىلەن، «غايىب نىكاھ» چۆچىكىدە مۇنداق بېرىلگەن: «يىگىت كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، ئالامەت يوغان بەھەيۋەت يەتمىش يەتتە دىۋە يىگىتكە سەجدە قىلىپ، يەر سۆيۈپ ياتقىدەك، بىر چاغدا دىۋىلەردىن يەتمىش ئالتىسى ئىككى قاتار بولۇپ، سەجدە قىلىپ تۇرۇپتۇ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان دىۋە يىگىتكە ياندىشىپ مېڭىپتۇ».

ئالتىنچى، مىڭ ۋە مىڭ بىر

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مىڭ سۆزى بىۋاستە ھالدا «مىڭ قېتىم تۇۋلىسا ئىشىك ئېچىلىدۇ» دېگەندەك شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

چۆچەكلىرىمىزدە ئۇچرايدىغان سانلار بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. خۇددى ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېگەنگە ئوخشاش ئون ئىچىدىكى سانلاردىن ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولمىغان سانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئەمما تىل، تەپەككۇر ۋە ئېتىقاد تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ سانلارنى چۆرىدىگەن ئاساستا باشقا سانلارغىمۇ مەلۇم مەنە بېرىلىپ قالغانلىقى راست. ئالايلى يەتتىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا يەتمىش، يەتمىش يەتتە، يەتمىش ئالتە. مىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مىڭ بىر، توقسان توققۇز، قىرىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالدا ئوتتۇز توققۇز، قىرىق بىر دېگەندەك.

3. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سانلاردا ئىپادىلىگەن سىمۋوللۇق مەنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سانلار بىلەن ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ئاساسىدا سانلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئۈستىدە مۇنداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقا بولىدۇ:

1)ئۈچ ساندا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنە

«ئۈچ قېرىنداش»، «ئۈچ شەرت»، «ئۈچ ھەمراھ» تىپىدىكى چۆچەكلەر ئىچىدە بىزگە ئۈچنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۈستىدە ئەڭ كۈچلۈك ئىلھام بەرگىنى دەل «ئۈچ شەرت» تىپىدىكى چۆچەكلەردۇر. «گۈل تاجىغا نېمە قىلدى» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق بېرىلگەن: «قاسىم، مەن سەندىن ئۈچ نەرسىنى سورايمەن، ئەگەر توغرا جاۋاب بەرسەڭ، ئۆلۈك قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ، دارغا ئاسىمەن، دەپتۇ.»

بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئۇچرايدىغان ئۈچ سانى شەرت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ مۇنداق شەكىلدە ئۇچرايدۇ: «شاھزادە مەلىكىنى ئەنە كېلەر، مانا كېلەر دەپ بىر كۈن ساقلاپتۇ، ئىككى كۈن، ھەتتا ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ، قىزدىن دېرەك يوق» (تەدبىرلىك پادىشاھ). «ھازىر ئەجدىھا ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. شۇڭا ئۆز ئۆلۈمىمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن» (تەدبىرلىك پادىشاھ). «گۈل تاجىغا نېمە قىلدى» دېگەن چۆچەكتە «شاھىم، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىڭىز، سوئالىڭىزغا جاۋاب تاپسام، دەپ يېلىنىپتۇ» دەپ بېرىلگەن. «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» چۆچىكىدە «ئەجدىھا بىر ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن، بالا ئەجدىھانىڭ ئۇخلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غارنى تېشىشنى داۋام قىپتۇ» دېيىلگەن.

ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا سۆزلىگەندە، «ئىپتىدائىي ئىن-

سانلار ئۈچۈن مەلۇم بىر ساننى مۇقەددەس بىلگەندە شۇ سان ئەڭ چوڭ سان دەپ قارىلاتتى» دېگەنىدۇق. شۇ مەنىدە خاسىيەتلىك سان ئۈچمۇ مەلۇم دەۋردە ئەڭ چوڭ سان دېگەن مەنىنى يۈكلىۋالغان بولۇشى تەبىئىي. دەرۋەقە (ئەجدىھا بىر ئۇخلىغانچە ئۈچ كۈن ئۇخلايدىكەن» دېگەن جۈملىدە ئۈچ سۆزى ئەڭ كۆپ دېگەن مەنىدە كەلگەن، بىز بۇ جۈملىدىكى ئۈچ سۆزىنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىنتايىن ئۇزۇن» دېگەن سۆزنى قويساق ئۇ چاغدا جۈملىنىڭ مەنىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنى بىز جۈملىنى ئۆزگەرتىپ «ئەجدىھا ئاجايىپ ئۇزۇن ئۇخلايدىكەن» دېسەك ئاڭلىغۇچىدا خاتالىق تۇيغۇ پەيدا بولمايدۇ. دېمەك «ئۈچ چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى ساننى، بىر خىل مۇتلەق چوڭ قىممەتنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنتايىن ئۇزۇن بىر دەۋردە چوقۇم بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دەۋرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۆز «چەكسىز» بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئورۇندىن بەھرىمەن بولغان».

ئۈچ شەرت ھەققىدىكى جۈملىلەردىكى «ئۈچ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى ئابزاستا دېيىلگىنىگە ئوخشمايدۇ. بۇلاردا يىگىت قىزنى ئۈچ كۈن ساقلايدۇ، جەڭ ئۈچ كۈنگىچە ئىزچىل مەغلۇبىيەت ھالىتىدە تۇرىدۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ. ئاخىردا پادىشاھتىن ئۈچ كۈن مۆھلەت سوراپ ئىشنى بېجىرىشكە ماڭىدۇ. ئۇدا ئىككى كۈن قىلچىمۇ نەتىجە قازىنالماي ئەڭ ئاخىرىدا ئاندىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ھەل قىلالايدۇ. بۇ جايدا بىز خەلق ماقالىسى «مەرتەم مەرتەم ئۈچ مەرتەم»گە نەزەر كۆزىمىزنى ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ئىشنى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ قېتىم قىلىشقا بولىدۇ. تۆتىنچى قېتىم قىلىشقا بولمايدۇ. بىر كىشىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ قېتىم ئامەت كېلىدۇ. تۆتىنچى قېتىمغا بارغاندا ھالاكەتكە يۈزلىنىشى مۇمكىن. بۇلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۈچتە قانداق سىمۋوللۇق مەنە بار؟ ئالدى بىلەن ئۈچ سۆزى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بىر خىل چەكنى بىلدۈرىدۇ، يەنى باش قەھرىمانغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۈچ بىر خىل ئۈمىد، ھاياتلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ سىمۋولى.

3. تۆت ۋە قىرىق

تۆت سانى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور ئورۇن تۇتىدىغان سان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە تۆتكە مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەردىن «تۆت ئۇلۇغ ئۇل، كىتابنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن تۆت ئۇلۇغ نەرسە، تۆت تادۇ كەم بولسا بولمايدىغان تۆت نەرسە، ئالەمگە ئېرىشىشتە كەم بولسا بولمايدىغان تۆت نەرسە، لەشكىرى قوماندانلىقتىكى تۆت پەزىلەت، ھاجىپنىڭ تۆت پەزىلىتى، ئۆيلىنىشكە بولىدىغان تۆت قىز...» قاتارلىقلارنى مىسالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. تۆت سانى بىلەن باغلىنىشلىق ئىپتىدائىي كۆز قاراشلاردىن يۇقىرىدا بىز تۆتنىڭ تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى مىسالغا كەلتۈرگەنىدۇق. دەرۋەقە تۆت سۆزى چۆچەكلەردىمۇ تەرەپلەر بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «خوش پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇ خىزمەتكە بىز بېشىمىز بىلەن تەييارمىز. بىزدە ئەڭ ئاتاقلىق تۆت نەپەر باتۇر بار. پادىشاھىم، ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، شۇ تۆت نەپەر باتۇرنى مەلىكە ئولتۇرغان ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا قويساق، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېلىقى ئادەم ئىكەن، ئۇچار قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. («ياغاچ ئات»)

«مەلىكە دىلسۇز پادىشاھلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، تاجىنى تاقاپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە ۋەزىرگە بىر نەپەر رەسىمچى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ، رەسىمچى قىرىق ئايالنىڭ رەسىمىنى تارتىپتۇ. مەلىكە بۇ رەسىملەرنى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئاسقۇزۇپ، رەسىمگە قاراشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپتۇ. «كىمكى رەسىمگە قاراپ بىر نەرسە دېسە، دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ تاپىلاپتۇ» (مەلىكە دىلسۇز).

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا تۆت سۆزى ھەممىشە تەرەپ دېگەن مەنىدىكى سۆزلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ باشقا ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىنى قىياس قىلىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ستاتىستىكىدىنمۇ كۆرۈش مەلۇمكى، تۆت سۆزىنىڭ چۆچەكلىرىمىزدە كۆرۈلگەن قېتىم سانىمۇ ئۇنچە كۆپ ئەمەس، قارىغاندا ئەجدادلىرىمىز تۆتنىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇشىدا مەلۇم تەۋرىنىش بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆچەكلەرنى ستاتىستىكا قىلىش جەريانىدا بايقىدىمكى، تۆت سۆزى كۆپىنچە يەنە كەمستىش مەنىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەن. بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ھەرقانداق بىر سان شۇ سان ئىجاد قىلىنىپ مەلۇم باسقۇچقىچە ئەڭ چوڭ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ دېگەنىدۇق. چەت ئەل ئالىملىرىمۇ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىكەن. ئەمما ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدا تۆت دېگەن سان ئەكسىچە مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۈچ ـ تۆت تال تەڭگىسگە چوڭچىلىق قىلماق. تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرماق دېگەن ئىبارىلەردە تۆت سۆزىنىڭ ھەتتا ئاز دېگەن مەنىسىمۇ بار، قارىغاندا تۆت سۆزىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشىنى ئەستايىدىل ئويلىشىشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەمما تۆتنىڭ ھەسسىلىك سانى قىرىق ۋە ئۇنىڭغا يېقىن سان قىرىق بىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرۋەقە كۆپ، ئىنتايىن كۆپ

www.uyghurkitap.com



دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.
سانلارنى ھەسسىلىك سانى بويىچە مۇقەددەس سان دەپ
قاراش ئۇيغۇرلاردىكىلا مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەمەس. نوپۇزلۇق
كىتابلاردا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە سانلارنىڭ ھەسسىلىك سانى
بويىچە مۇقەددەس سانلارغا ئېرىشىشتەك ئالاھىدىلىكىنىڭ بارلى-
قى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، بەزى مىللەتلەردە ھەتتا سەكسەن
تۆت، بىر يۈز سەككىزگە مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر مەۋجۇت
بولۇپ، بۇلارنى ئالىملار يەتتىنىڭ ئون ئىككى ھەسسىلىكى،
توققۇز بىلەن ئون ئىككىنىڭ ھەسسىلىك سانى دەپ چۈشەندۈر-
گەن. ئەگەر مۇشۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى ئەقىلگە ئۇيغۇن دەپ
قارىغىنىمىزدا، ئۇ ھالدا قىرىق بولسا تۆتنىڭ ئون ھەسسىسى
بولغان بولىدۇ (ئوخشاشلا ئۇ يەنە ئۈچنىڭ ئون ئۈچ ھەسسىلە-
كى بىلەن بىرنىڭ يىغىندىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن). ئەلۋەتتە تۆت
دېگەن سان مەلۇم ئىدىيە تەرەققىياتىدا ئەڭ چوڭ سان دەپ قا-
رالغان بولسا ئۇ ھالدا كېيىنكى ئەڭ چوڭ سان دەپ قارالغان
ئونغا ھەسسىلەشتۈرۈپ تېخىمۇ كۆپ چەكسىز دېگەن مەنىدە ئىش-
لىتىلگەن. دېمەكچىمەنكى قىرىق دېگەن سان كۆپ دېگەن مەنىدە.
ئۇنىداقتا قىرىق بىرچۇ، ئەلۋەتتە ئۇ كۆپ دېگەن مەنىدىكى قىرىق-
تىن چوڭ بولغاچقا، ئۇ ئىنتايىن كۆپ، چەكسىز دېگەن مەنىدە.
تۆت دېگەن سۆزنىڭ مەنىستىمەسلىك مەنىسى روشەن بولغانلىقى
ئەكسىچە، قىرىق بىر دېگەن ساننىڭ ئىجابىيلىك مەنىسى يۇقىرى.
ئۇ ھەمىشە قىرىق بىر كېچە توي قىلماق دېگەن شەكىلدە
كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇ مەنىدە قىرىق بىر دېگەن سۆزنى بىز
چەكسىز دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك بولىدۇ.

3. يەتتە، يەتمىش ئىككى ۋە يەتمىش يەتتە

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە «شۇنداق قىلىپ يەتتە
كېچە - كۈندۈز چۆل - باياۋان ئىچىدە تېنەپ، ئاخىر بىر چوڭ
تاغقا ئۇلىشىپتۇ»، «قىزنىڭ چاتىقى ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى
ئۈچۈن، تويىنى چاپسانراق ئۆتكۈزۈپ، شاھزادىنى پاتراق يولغا
سېلىشقا ئالدىراپتۇ. نۇرغۇن پۇل، مالنى سەرپ قىلىپ، تويغا
تېزدىن تەييارلىق كۆرۈپتۇ ۋە يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ
بېرىپتۇ» (ياغاچ ئات). «بىر قېلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر
ھاڭغا چۈشۈپ قارىسام، يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەتتە دەريا-
نىڭ بۇ تەرىپىدە، بىر كىچىك ئۆستەڭ بويىدا موماي كىر يۇيۇپ
ئولتۇرۇپتۇ»، «بېلىق تاشنى بېرىۋېتىپ ‹سەن ماڭا كۆپ ياخشى-
لىق قىلدىڭ، ياخشىلىققا ياخشىلىق، بۇ تاشنى ئال، ئېسىڭدە چىڭ
ساقلا، بۇ، دۇنيادىكى يەتمىش يەتتە خىل دوردىن ياسالغان
تاش، جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەرقانداق كېسەلگە مۇشۇ تاشنى
چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزسە سەللىمازا ساقىيىدۇ› دېگەنىدى (خاسى-
يەتلىك تاش)»، دېگەنگە ئوخشاش بايانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.
بۇلاردىن يەتتە سۆزىنىڭ كۆپ دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى،
يەتمىش ئىككى ۋە يەتمىش يەتتە سانلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ
دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلىش قىيىن ئەمەس. ئەمما بۇ جايدا
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە شۇكى، يەتتە سۆزى
بەزىدە قىرىقنىڭ ئورنىنى ئېلىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز توي
قىلماق، يەتتە كېچە - كۈندۈز، يەتتە باشلىق يالماۋۇز دېگەن شە-
كىلدە كېلىپ، كۆپ، چوڭ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇ
قىرىق ئىپادىلىگەن چوڭ دېگەن سۆزدىن كىچىكمۇ ياكى چوڭمۇ؟
بۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىنىڭ بىرىككەن سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى:
«ۋەزىر كۆپ يالۋۇرۇپتۇ، شاھزادە ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىر
پۇل بىلەن ئالدىماقچى بولۇپ، يېنىدىن بەش تىللا ئېلىپ تەڭلەپتۇ،
يەنە ئۇنىماپتۇ، يەتتە تىللا بېرەي دەپتۇ، شاھزادە ئاران ئۇناپتۇ»
(ياغاچ ئات). «بۇ ئۈچ ئاكا ئۇكا بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن
كېيىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ، ئۇلار ئۇزاق يول مېڭىپ ئۆز
شەھىرىگە يېتىشكە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، چوڭ ئاكىسى بىلەن
ئوتتۇرانچىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ» (بۇلبۇلگويا)، «بۇرۇنقى زا-
ماندا يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، يۈز - كۆزنى
قورۇق باسقان، ساقال - بۇرۇتى ئاپئاق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ
بوۋاي يەتتە يېشىدىن تارتىپ باياۋاندىن يانتاق چېپىپ، بازارغا ئاپى-
رىپ سېتىپ جان باقىدىكەن» (يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى).
كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىرىنچى پارچىدە، يەتتە تىللا بەرسە
شاھزادە ئاران ئۇنايدۇ (بۇ جايدا بىز ئاران دېگەن سۆزگە ئالا-
ھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم). ئىككىنچىسىدە، ئۇلار ئىنتايىن
ئۇزۇن يول مېڭىپ شۇ يولنىڭ بىر بۆلىكى يەتتە كۈنلۈك يول قا-
لىدۇ. ئۇلار يولنىڭ يەتتىدىن كۆپرەك بۆلىكىنى بېسىپ بولغان
ئۈچىنچىسىدە، بوۋاي يەتتە يېشىدىن تارتىپ يانتاق چاپقانلىقى دې-
يىلىدۇ. بۇ جايدا يەتتە سۆزى «كىچىك» مەنىسىدە قوللىنىلغان.
بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يەتتىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە داۋاملىق باشقا
سانلارنىڭ بارلىقى مەلۇم. دېمەك، يەتتە سۆزىنىڭ چوڭ، ئۇلۇغ
دېگەن مەنىسى ئۇيغۇرلاردا قىرىق دېگەن سۆزگە توغرا كەلمەي-
دۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەسسىلىك سانى بولغان يەتمىش ئىككى ۋە
يەتمىش يەتتە دېگەن سۆزلەر ئىنتايىن چوڭ، كۆپ چەكسىز قاتار-
لىق مەنىلەرنى ئىپادىلىسە كېرەك.

4. توققۇز ۋە توقسان توققۇز

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە توققۇز بىلەن بىرىككەن
سۆزلەر «توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز دەقىقە قورساق كۆ-
تۈرۈپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ»، «توققۇز تەزىم»،
«توققۇز پۇشتىڭنى قۇرۇتىمەن...»، «توقسان توققۇز ياش» دې-
گەندەك شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن مەلۇمكى ئۇ يەتتە،
يەتمىش يەتتە، قىرىققا ئوخشاش كۆپ دېگەن مەنىدە ھەسسىلە-

گەن شەكلى ئىنتايىن كۆپ دېگەن مەنىدە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئون، يۈز، مىڭ، مىڭ بىر قاتارلىق سانلارمۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مەلۇم نىسبەتتە ئۇچرايدۇ، بۇلاردىكى مەنىمۇ يۇقىرىقىدەك جىق پەرقلەنمەيدۇ.

5. بىردە ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنا

بىرىنچى، ئوبرازلار بىلەن باغلىنىشلىق سانلاردا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنا

كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سان. ئەمما بۇ جايدا ستاتىستىكا قىلىنغان بىر سۆزى بىر بىلەن باشلانغان بارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسنى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز، ئاساسىي جەھەتتىن «بىر كىشى»دىكى سانلاردۇر. مەسىلەن، «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان» مۇنداق باشلانغان: «بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن. تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن، قاغا قاراقچى ئىكەن، سېغىزخان يالاقچى ئىكەن، پاقا پوستەكچى ئىكەن، يىلان تۈگمەنچى ئىكەن، ئەنە شۇ زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى بەس ـ بەس بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىسمۇ، قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ». «خالبانۇم» چۆچىكى مۇنداق باشلانغان: «بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەلنىڭ بىر گۈزەل قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئېتى خالبانۇم ئىكەن. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن دېگۈچىلىكى بار ئىكەن. ئۇنىڭ يۈزلىرى چولپاندەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى قىياقتەك، كىرپىكلىرى ئوقيادەك، ئاغزى ئويماقتەك، بەللىرى تال چىۋىقتەك ئىكەن. ھۆسىندە بۇ شەھەردە تەڭدىشى يوق ئىكەن». بۇ ھەقتىكى چۆچەكلەردە ئاساسىي جەھەتتىن چۆچەكتىكى كىشىنىڭ بىرلا پەرزەنتىنىڭ بارلىقى دېيىلىدۇ ۋە ئۇ پەرزەنت ئاجايىپ ئەقىللىق، باتۇر، كەم ـ كۈتىسىز تەسۋىرلىنىدۇ.

بىر سۆزى ھەققىدە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بىر ئىلاھىيلىققا، يەككىلىككە سىمۋوللۇق قىلىنغان دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بىر سۆزىنى ئىلاھىيلىققا ماس كېلىدۇ ياكى ئىلاھىيلىقنىڭ سىمۋولى دېيىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قاتتىق تاسقىشىدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بىر سۆزى ئىلاھىي مەنىدە ئۇچرىمايدۇ، ھەتتا دىققەت قىلمىغاندا، بىر سۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىر بىلەن بىللە كېلىدىغان سىمۋوللۇق مەنىنى بىۋاستە ھالدا يېگانە قەھرىمان ئوبرازى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. بۇ جايدا دەۋاتقان قەھرىمان سۆزى ئىلاھىي تۈستىكى قەھرىمانلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتىدا مەن بىر سۆزى ئىلاھىيلىققا قارىغاندا «مۇكەممەل، تەڭداشسىز، ئالاھىدە» دېگەن مەنىگە يېقىن دەپ قارايمەن.

ئىككىنچى، باشقا سانلار تەركىبىگە يوشۇرۇنغان بىرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى

ئەمەلىيەتتە بىر سۆزى بىردىن باشقا بىر قاتار سانلارغا سىڭىپ كەتكەن. ماقالىنىڭ باش قىسمىدا مەن aنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فورمۇلا شەكلى ئارقىلىق، بىر، ئىككى، ئۈچ قاتارلىق بەزى سانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارىلىشىدىكى پەرەزىي سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، شۇنداقلا بۇنى يەنە ئورتاقلىق پرىنسىپى دەپ ئاتىغانىدىم. ئەمما مۇشۇ بويىچە ماڭغاندا بىر قىسىم سانلارنىڭ خاسىيەتلىك دەپ قارىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا ئۈچ، يەتتە، يەتمىش يەتتە، قىرىق، توققۇز، قىرىق ۋە مىڭ بىر قاتارلىق بىر قاتار سانلار تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەردىكى تەپسىلاتلار مېنىڭ تەپەككۇرۇمنى ۋاللىدە يورۇتتى. ھەتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەسسىلىك سان چۈشەنچەسگە بەزى ئۇقۇملارنى قوشۇمچە قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى قىرىق، پەقەت ئون بىلەن تۆتنىڭ ھەسسىلىك سانى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئۈچ بىلەن ئون ئۈچنىڭ ھەسسسىلىك سانغا بىرنى قوشقاندىن كېلىپ چىققان نەتىجە، قىرىق بىر ئاندىن تۆتنىڭ ھەسسىلىك سانى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئون بىلەن تۆتنىڭ ھەسسىلىك سانىغا بىرنى قوشقانغا باراۋەر. مىڭ بولسا ئۈچ ياكى توققۇزنىڭ ھەسسىلىك سانى، توققۇز يۈز توقسان توققۇزغا بىرنى قوشقاندا باراۋەر. ئۇ ئوننىڭ ئون ھەسسسى بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا مىڭ بىر ئون ياكى يۈزنىڭ ھەسسىلىك سانىغا بىرنى قوشقاندىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا كېيىنكى بىر شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ خوش ئۇنداقتا بىز چۆچەكلەرنىڭ ئۆزىگە قايتايلى:

1) ئۈچ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقەلىك رامكىلىرىدا بارلىق زىددىيەت ئۈچىنچى (2 1)گە يىغىلغان. دەل ئۈچىنچى قېتىم ئاندىن مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتتە پادىشاھنىڭ تاپشۇرغان ئىشىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۈچىنچى كۈنى بارلىق ئىشلار ھەل بولىدۇ.

2) قىرىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقەلىكلەردە مۇنداق ئەھۋال بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ، قىرىق كۈن توي بولىدۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈنگىچە توي شۇنداق ياخشى، تىنچ ئۆتىدۇ، دەپ قىرىقىنچى كۈنى باش قەھرىمان قىزنى بۇلاپ قاچىدۇ. شۇنىڭدەك دېۋە، ئەجدىھا قاتارلىقلار بىلەن بولغان تۆرلۈك جەڭلەردە ئالدىنقى ئوتتۇز توققۇزكۈنى دېۋە خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. جەڭ قىرىقىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆنى بولىدۇ. بۇ خىل ئەڭ ئاخىرقى بىرسىدە زىددىيەت ھەل بولىدىغان ئەھۋال باشقا سانلاردىمۇ داۋاملىق ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار بىزگە سانلارنىڭ مۇقەددەسلىك ئۇقۇمىدا مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، سانلار بىز ئالدىدا تىلغا ئالغانغا ئوخشاش ئورتاقلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇقەددەس دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، سانلار ھەسسىلىك سانى بويىچە مۇقەددەس دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، سانلارنىڭ ھەسسىلىك ساندىن باشقا ئاخىرقى سان بىر پەۋقۇلئاددە مەنىگە ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بىر ساننىڭ ئىلاھىي دېگەن مەندىن باشقا يەنە يەككە، مۇتلەق، كەم ـ كۈتىسىز دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا ماقالىنىڭ باشتىكى قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ئورتاقلىق پرىنسىپىنىڭمۇ مەلۇم قايىل قىلىش كۈچى بار. مەنچە، ئەڭ دەسلەپتە ئىجاد قىلىنغان سان چۈشەنچىسى بارلىق سانلارغا سىڭىشىپ بېرىشى، ھەر بىر مۇقەددەسلىك چۈشەنچىسى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇقەددەس سانلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئالدىنقى ساننى ئۇنتۇپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقمايدۇ. شۇنداقلا شۇ ۋەجىدىن بىر سانى بارلىق سانلاردا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ تەھلىل بىزگە سانلارنىڭ مۇقەددەسلىك چۈشەنچىسىدە بىر قەدەر سالماق بولۇشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇ مەنىدە بىز مۇقەددەس دەپ قاراۋاتقان سانلارغا بىر قوشۇلغاندىكى ئەھۋالنى مۇنداق ئىپادە قىلدىم:

ئىككى: 1+1، ئۈچ: 1+2. تۆت: 1+3، يەتتە: 1+3+3، ئون: 1+3+3+3، يەتمىش: 1+23×3، يۈز: 1+3×33، مىڭ 1+333×3.

دېمەك، بىر قاتار مۇقەددەس سانلارنىڭ ئاخىرقى سانى بىر ئەڭ مۇھىم. بۇ ئېتىقادنىڭ داۋاملىشىش شەكلىگىمۇ ئۇيغۇن. چۈنكى ھازىرغا قەدەر ئىگىلەنگەن ئېتىقاد شەكىللىرىدىن مەلۇمكى، بارلىق مۇقەددەس بىلىنگەن شەيئىلەر ئالدىنقى دەۋردىكى كىشىلەر ئىجاد قىلغان ئېتىقاد ئوبيېكتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلغان ئېتىقاد ئامىللىرىدا ئالدىنقىلار قالدۇرغان ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بولىدۇ. بۇ مۇقەددەس سانلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈركۈم بويىچە مۇقەددەس سان بولماستىن، بەلكى ئالدىنقى سانلار بىلەن بىرىككەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىدۇر. شۇڭا سانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە ئالدىنقى سانلار چوقۇم قايتا كۆرۈلىدۇ. جۈملىدىن ئەڭ بۇرۇنقى سان ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلارنىڭ نەزەرىدە ئەنتايىن بۇرۇنقى ئەجدادلار مۇقەددەس دەپ قارىغان سان چۈشەنچىسىدۇر.

دېمەك، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مۇقەددەس سانلار ماھىيەتتە باشتىن ـ ئاخىر بىردىن ئايرىلمىغاندۇر، شۇنداقلا بىر ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان سانلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ساندۇر.

ئەمما بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز، بىزگە مۇنداق ئىككى غەلىتە قارىمۇ ـ قارشىلىقنى سۇندى:

بىرىنچى، ئەگەر بىر دېگەن ساننى ئىلاھىي دېگەن مەنىدە كېلىدۇ دەيدىغان نوپۇزلۇق چۈشەنچىنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتىدىن بىر روھ ئېتىقادچىلىقىدىن باشلاشقا توغرا كېلەمدۇ قانداق؟ دەرۋەقە دىنشۇناسلىق تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېتەكچى كىتاب دەپ تەرىپلىنىۋاتقان «ئىلاھنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ «ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار بىرلا ئىلاھنى ئىجاد قىلىشقان. ئۇ ياراتقۇچى، جاھاننىڭ ئىگىسى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ۋاكالىتەن شەيئىسىمۇ، دۇئا، تەكبىر، ئىبادەتخانىلىرىمۇ بولمىغان» دېيىلگەن.

ئىككىنچى، ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئېتىقاد شەكلىنى ئانىمىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىمىزمدا بىرلا ئېتىقاد ئوبيېكتى بولمىغاچقا، بىرنى ئىلاھىي مەنىدە دەپ قاراشقا بولامدۇ، نېمە؟

ئەگەر بىز بىرىنچى خىل مەنىدە قارىساق ئەمەلدە ئېتىقاد شەكىللىرى ئانىمىزمدىن باشلانغان دېگەن چۈشەنچە ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى خىل چۈشەنچە بويىچە قارىساق، ئۇ ھالدا سانلارنىڭ مۇقەددەسلىك چۈشەنچىسنى بىردىن باشلىمايمىزمۇ قانداق؟ ئەلۋەتتە بۇ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.


پايدىلانمىلار:

1. «ئېستېتىكا» ھېدىگىر. شاڭخۇ باسمىسى. 2006 ـ يىل نەشرى.

2. «غەربنىڭ ھالاكىتى»، سپەڭلېر، شاڭخەي سەنلىەن نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.

3. «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، لېۋ بولبۇر، شاڭخۇ باسمىسى 2007 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى.

4. «ياۋايى تەپەككۇر»، لېۋ ستراۋۇس، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.

5. «دۇنيادىكى دىنلار»، خيۇستون شمىس، خەينەن نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

6. «مەدەنىيەتشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، چېنخۇاۋېن، شاڭخەي مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2004 ـ يىل نەشرى.

7. «قەدىمكى مەدەنىيەت»، تايلور، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى.

8. «ئىلاھنىڭ تارىخى»، كەيرېن ئامسترون، خەينەن نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى.

9. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـ قىسىمدىن 11 ـ قىسىمغىچە.


(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى لېكتورى)



# باللىرىمىز چۆچەكسىز قالمىسۇن

نۇرنىسا باقى

خەلق چۆچەكلىرى خۇددى يازما ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىغا ئوخشاش تەربىيە بېرىش رولىغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان تەربىيىۋى رولى ئىنتايىن زور. بالىلارچە ساددا تەپەككۇر چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ئۇنىڭ بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغانلىقى تەبىئىي. شۇڭلاشقا ئەجدادلىرىمىز تولىمۇ يىراق زامانلاردىن باشلاپ تاكى يېقىنقىچە ئۆزلىرىنىڭ، جۈملىدىن بالىلارنىڭ مەنىۋى تەربىيىسىدە چۆچەكلەرگە تايىنىپ كەلگەن. ئەپسۇسكى، زامانىۋى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپ خىللىشىشى تۈپەيلىدىن بالىلارنىڭ چۆچەك ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ. مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە، چۆچەك ئېيتقۇچىلارنىڭ چۆچەك ئېيتىش سەنئىتى ئەلۋەتتە بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ، تەبىئىي هالدا باللىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسىمىزدىن قۇرۇق قېلىش خەۋپىنى تۇغدۇردى. ئەگەر بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار چۆچەكلەرنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى تولۇق چۈشەنسەك، ئېھتىمال بالىلارنى ئۆزىمىزگە ياندىشىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى رەڭگارەڭ چۆچەك دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشكە ئىمكانىيىتىمىز بولۇپ قالار. ئوشبۇ سەۋەبتىن بۇ ھەقتىكى كىچىككىنە تەسراتلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم:

**1. چۆچەكلەر بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدۇ**

مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان ساپا مائارىپىنىڭ مەقسىتى بالىلارنى مەلۇم قېلىپ ياكى

ئەندىزىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇلارنى ئەركىن، ئىجادىي تەپەككۇر
قىلىدىغان بوشلۇق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئەمەلدە
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى باللار ئۈچۈن دەل مۇشۇن-
داق پۇرسەتنى ئاتا قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان چۆچەكلەردە
باش قەھرىمان ئامالسىز قالغاندا بىز ئويلاپ يېتەلمەيدى-
غان ئاجايىپ ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. مە-
سىلەن، «ئېشەك، بۆرە، قوچقار» تېپىدىكى چۆچەكلەرگە
قارايدىغان بولساق، بىر يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن ئىككى
ئوتخور ھايۋان سۈژەت ئىچىگە قويۇلغان ۋە ئاخىرىدا تە-
خەينىڭ تاپىنىدىكى خەتنى ئوقۇتۇپ كۆرۈش ھىيلىسى
بىلەن بۆرىنى مەغلۇپ قىلغان. چۆچەكتە تەخەي ۋە قوچ-
قارنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى قىزىقار-
لىق؛ تەخەي ئۆزىنى «مەن ئۇسكەك تەخەي» دەپ تو-
نۇشتۇرسا، قوچقار «مەن تەپكەك قوچقار» دەپ تونۇش-
تۇرىدۇ. بۇ دەل باللاردا «تەخەي قانداق قىلىپ
ئۇسكەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ،
ئەكسىچە، بۆرىنى باپلاش جەريانىدا تەخەينىڭ تېپىشى،
قوچقارنىڭ ئۇسسۇشى بىلەن بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

قىيىن ۋەزىيەتلەرنى ئورۇنداش ئاساسىي سۈژەت لىنى-
يىسى قىلىنغان چۆچەكلەردە ھەمىشە باش قەھرىمان بىلەن
بىللە ماڭغان قوشۇمچە قەھرىمان پەرھىزگە خىلاپلىق
قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، «خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر» چۆ-
چىكى. چۆچەكتە پەرمانقۇل بىلەن مىرزا گالۋاڭ خاسىيەت-
لىك ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنى-
دۇ. يولدا مىرزا گالۋاڭ پەرمانقۇلنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي
مايمۇنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ۋەقە داۋاملىق ئالغا ئىل-
گىرىلەيدۇ. بىز بۇ چاغدا «مىرزا گالۋاڭ قانداق قىلىپ
مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ» دېگەن سوئالغا تۇغرا
كېلىمىز، ئاخىرىدا پەرمانقۇلنىڭ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىشى
بىلەن بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ.

خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەرگە
ئوخشاش نۇرغۇنلىغان چۆچەكلەردە سۈژەت تەرەققىياتىدا
بىز ئويلاپ باقمىغان زىددىيەتلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇ-
لى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باللارنىڭ تەپەك-
كۇرىنى ئېچىشتىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**2. چۆچەكلەر باللارنى ئۆگىنىش بېسىمىدىن قۇ-
تۇلدۇرىدۇ**

نۆۋەتتە «خاررىي پوتتېرنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەش-
تىسى» ناملىق فىلىم كەينى-كەينىدىن بەش قىسىم ئىشلە-
نىپ، ئىنتايىن يۇقىرى بېلەت كىرىمى ياراتتى. قىزىقارلىق
يېرى، بۇ فىلىم چوڭلارنىڭمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.
ئوبزورچىلارنىڭ ئانالىزىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ
تۈردىكى كۈچلۈك مۇبالىغە خاراكتېرىگە ئىگە فىلىملەرنىڭ
بازار تېپىشى ئۇنىڭ كىشىلەرگە رېئاللىقتىكى تۈرلۈك بې-
سىملارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا رېئال بولمىغان مەسىلە-
لەر ئارقىلىق زوقلىنىش ئاتا قىلغانلىقىدا ئىكەن. دەرۋەقە
خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىسمى بولغان سې-
ھىرلىك چۆچەكلەردە بۇنداق ئالاھىدىلىك تامامەن ھازىر-
لانغان. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەر ھەمىشە ئاڭلىغۇچىغا
دىۋە، پەرىزات، خىزىر قاتارلىق رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمى-
غان ئوبرازلار تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ھەتتا بەزى چۆچەكلەر
باشتىن - ئاخىر سېھرىي يول بىلەن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.
باش قەھرىمانغا قويۇلغان شۇنداق قىيىن شەرت، ۋەزىيەت-
لەر ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسانلا ھەل بولىدۇ. مېنىڭ-
چە بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ باللارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭ
مۇھىم پايدىسى شۇكى، باللار بۇ چۆچەكلەرنى ئاڭلاش
جەريانىدا ئۆزلىرىدىكى تۈرلۈك بېسىملارنى ئەپچىللىك
بىلەن يېڭەلەيدۇ، ئاجايىپ-غارايىپ دۇنيا باللارغا ئۆزلە-
رىگە خاس بولغان دەم ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

**3. چۆچەكلەردىن پايدىلىنىپ باللارغا ئەخلاق،
مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بو-
لىدۇ**

چۆچەكلىرىمىزنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى بېرىش رولى-
دا شەك يوق. «ۋاپادار بالا» تېپىدىكى چۆچەكلەرنىڭ
كۆپىنچىسىدە باللارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا بولغان مېھىر -
مۇھەببىتى بايان قىلىنسا، «ئاكا - ئۇكىلار» تېپىدىكى چۆ-
چەكلەردە باللارغا قېرىنداشلىق مېھرى ھەققىدە تەربىيە
ئىشلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بىر
قىسمىدا يەنە ھايۋاناتلار بىلەن بولغان يېقىنچىلىق بايان
قىلىنغان. مەلۇم مەنىدە بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر بۇددىزىم
دەۋرىنىڭ ساقىندىسى دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن ھايۋانلار بىلەن بولغان يېقىنچىلىق
مۇناسىۋىتى باللارنى تەبىئەت بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە، ھاي-
ۋاناتلار بىلەن ئىناق بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ تۈرگە «خا-
سىيەتلىك تاش» چۆچىكىنى مىسالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۇ چۆچەكتە دادىسىدىن قالغان خاسىيەتلىك تاشقا ئېرىشكەن بالا، كەينى ـ كەينىدىن يىلان، ھەرە، چاشقان قاتارلىقلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بالا ئوخشاشلا ئاخىرىدا بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىر مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن باشقا چۆچەكلىرىمىز ئىچىدە «قەھرىمانلار» تىپىدىكى چۆچەكلەر مەۋجۇت. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە قەھرىمانلار ئۆز ئىلىنى باتۇرانە كۈرەشلىرى ئارقىلىق قوغداپ قالىدۇ. بالىلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى ۋە ئېستېتىك زوقىغا ئۇيغۇن تەرىپى شۇكى، بۇ چۆچەكلەر ۋەقەلىكىنىڭ ھەل قىلىنىشى بەزىدە ھەجۋىي يولغا تايىنىدۇ. مەسىلەن، باش قەھرىمان ئەسلىي قورقۇنچاق بولۇپ، باتۇر ئاتىلىپ قالغاندىن كېيىن ئامال يوق جەڭگە قاتنىشىپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئېگەرنى ئاتقا يارىيېلىمدا يەملەپ، ئۆزىنى ئېگەرگە چىڭ يېپىشتۇرۇۋالىدۇ ـ دە، «نېمە بولسام بولغاننى كۆرەرمەن»، دەپ جەڭگە كىرىپ كېتىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، بىر قۇرۇق دەرەخنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندا دەرەخ قومۇرۇلۇپ كېتىپ دەرەخنى سۆرەپ جەڭگە كىرىدۇ. دۈشمەنلەر دەھشەتلىك بوران چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ قەھرىماننى كۆرۈپ، «بىر باتۇرى مۇشۇنداق بولسا قالغانلىرى قانداقتۇر» دەپ قورقۇشۇپ تەسلىم بولۇشىدۇ. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر ئۈرۈش فىلىملىرىگە ئوخشاش بالىلارنى زېرىكتۈرىدىغان شەكىلدە ئۇتتۇرىغا چىقمىغان، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ ئۈرۈش ئىستراتېگىيىسىمۇ يوق.

**4. چۆچەكلەر بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ**

نۆۋەتتە شەھەر بالىلىرىدا ئەدەبىي تىلنىڭ بىر قىسمى بولغان زامانىۋى ئاتالغۇلارنى بىلىدىغان، ئەمما تۇرمۇشتىكى ئەقەللىي سۆزلەرنى بىلمەيدىغان غەيرىي تىل ئادىتى شەكىللىنىپ قالدى. ئالايلى، شەھەر بالىلىرى دىنوزاۋر، كومپيۇتېر، تور، ئاۋىئاماتكا قاتارلىق سۆزلەرنى بىلىشى مۇمكىن. ئەمما تۇرمۇشتا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنى چۈشىنىپ بولالماسلىقمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش مەزمۇنىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان پاراڭلىرىمۇ كەسىپ قاتارلىق ساھەلەر بىلەن كۆپرەك باغلىنىشلىق بولماقتا. مەنچە، ئەگەر بىز مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ، بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بەرسەك، ئۇلار ئەينى خەلق تىلىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا تەبىئىي ھالدا بالىلار سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

**5. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ**

چۆچەك ئېيتىش ئاڭلىغۇچى، تاماشىبىندىن تەركىب تاپىدىغان تارقىتىش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاتا ياكى ئانا بايان قىلسا قالغان ئىككى كىشى ئولتۇرۇپ ئاڭلىسا، بالىلار بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى، ئۇلارنىڭ پىسخىك تەكچۈڭلۈكىنى ساقلىغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن باشقا يەنە ئۇلار بىلەن بىللە چۆچەك ئاڭلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ھەققىدە

غالىب خوجئابدۇللا

قەدىمدىن بۇيان ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش يولىنى توغرا يېتەكلەشتە، ئاجايىپ سېھرىي قىممەتكە ئىگە تەدبىر ۋە ساۋاقلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلدى. ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر مەلۇم بىر ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق مۇھىم بىر ھېكمەت ياكى تەجرىبە - ساۋاقنى ئىپادىلەپ كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىدىغان قىسقا ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، «جازانىخورنىڭ ۋاپاسىزلىقى»، «قانائەتنىڭ پايدىسى»، «غەيۋەتخورنىڭ جازالىنىشى»، «ھاكاۋۇر ئېشەك»، «ماختانچاق قازى» قاتارلىقلار.

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر خەلقىمىزنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئۆچمەس قىممەت ياراتتى. بۇ خىل ئەسەرلەر ھەجىمىنىڭ قىسقىلىقى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ موللۇقى ۋە ئەقىل - تەدبىرلەرنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىزغا قارىغاندا ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا كۆپرەك تارقىلىپ كەلدى.

بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئەدەبىياتىمىزدا كۆپىنچە قىسسە، داستان، قوشاق، چۆچەك، ھېكايەت، نەسىھەت، لەتىپە ۋە ماقال - تەمسىل قاتارلىق شەكىللەردىمۇ ئىپادىلىنىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەر يەنە قەدىمدىن بۇيان شەكىللىنىپ كېلىۋاتقان تاش ئابىدىلەردە، قەبرە تاشلىرىدا، تاش كېمىرلىرىدە، ۋەز - نەسىھەتلەردە ۋە باشقا پەند - نەسىھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «قۇتادغۇبىلىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيە»، «ئالتۇن يارۇق»، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ ناھايىتى موللۇقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ بىر قاتار ئەسەرلەردىكى ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر كېيىنكى دەۋردىكى يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئە-

سەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىلىم ـ ھېكمەتلەر بىلەن تويۇندۇرۇپ كەلدى.

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ خىل ئەسەرلەر ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئىجادىيەت زېمىنىدىلا بارلىققا كېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ باشقا ئەل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىمىزنى بايقىيالايمىز. ئالايلۇق، ئەرەب، پارس، ھىندى ئەدەبىياتىدىكى «ملك بىر كېچە»، «ئىسكەندەرنامە»، «قابۇسنامە»، «بوستان»، «گۈلىستان»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «چاھار دەرۋىش»، «ھاتەم قىسسىلىرى»، «جامئۇل ھېكايەت» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان كەڭ تارقالغان. بۇ ئەسەرلەر ئەرەب، پارس ۋە ھىندى خەلقلىرى ھېكايەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان كەڭ تارقىلىپ، مەدرىسلەرنىڭ مۇھىم قوللانمىسى بولغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرلەردىكى ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، ئۇيغۇر خەلق ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ناھايىتى مول بولغان ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان بۇ خەزىنىدىكى ھېكايەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بېيىتىشتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە، ئەقىل ـ پاراسەتلەرنى ئۆگىنىشتە، پەزىلەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشتا، چارە ـ تەدبىرلەرنى ئۆگىنىشتە ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىپ كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىز ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ھېكايەتلىرىمىزنى تېخىمۇ مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى.

ئۇيغۇر خەلق ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرى ھەجىمىنىڭ قىسقا، تىلىنىڭ ئاممىباب، ھېكمىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. «قۇتادغۇبىلىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قىسسە سۇل ئەنبىيە»، «نەسىردىن ئەپەندىم لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ھەر قايسى مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبى دەل ئۇلارنىڭ ئىلمىي ھېكمەت قىممىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئالايلۇق، ئەپەندىم لەتىپىلىرىدە مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايەت بار:

ئەپەندىم بىر كۈنى نەۋرىسى بىلەن ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتسا، يولدا بىر ئادەم ئۇچراپ: — ئەپەندىم، بىر ئېشەككە ئىككى ئادەم مىنىۋالغىنىڭلار نېمىسى، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم نەۋرىسىنى مىندۈرۈپ ئۆزى ئېشەكنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. يولدا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپ: — ئەپەندىم، ئۆزۈڭ ياشانغان ئادەم تۇرۇقلۇق ئېشەككە ئۆزۈڭ مىنمەي، نەۋرەڭنى مىندۈرۈۋالغىنىڭ نېمىسى، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئېشەككە ئۆزى مىنىپ نەۋرىسىگە ئېشەكنى يېتىلىتىپ قويۇپتۇ. يولدا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپ: — كىچىك بالىنى ماڭدۇرۇپ ئۆزۈڭ ئېشەككە مىنىۋالغىنىڭ نېمىسى، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئېشەكنى يۈدۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بۇ ھېكايەتتە ئەپەندىمنىڭ ئېشەككە قانداقلا مىنسە باشقىلارنىڭ گېپىگە قالغانلىقىدىن ئىبارەت كىچىككىنە تۇرمۇش ۋەقەلىكى سۆزلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ئىش قىلغاندا مۇستەقىل يول، مۇستەقىل كۆزقاراش، مۇستەقىل چارە ـ تەدبىرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشىمىزنى ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىرگە ئىگە ئىلمىي ھېكمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلەرگە باي بولۇپلا قالماي، يەنە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئالايلۇق، «نادانىنىڭ سۆھبىتى» ناملىق ھېكايەتتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ:

ھۆكۈمدارلاردىن بىرى مەشھۇر بىر ئالىمغا قازىلىق مەنسىپىنى بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئالىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا تەن جازاسىدىنمۇ ئارتۇق ئېغىرراق جازا بەرمەكچى بولۇپ ئۇنى زىندانغا قاماشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر جاھىل،

# كۇچا سوپۇنى

**مۇھەممەد جۇمە**

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىم زاماندىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىر كۈنى گۆش پىشۇرماقچى بولۇپ كۈرۈك ئوتۇنىدا ئوت يېقىپ قازان قايناتقان، دىققەتسىزلىكتىن قازاندىكى شورپا تېشىپ كېتىپ، كۈرۈك ئوتۇنىنىڭ كۈلىگە تۆكۈلۈپ، شورپا مېيى كۈل بىلەن بىرلىشىپ بىر خىل قېتىشمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز گۆشنى يەپ بولۇپ قولىدىكى مايىنى يۇيماقچى بولغان، ئەمما سۇ بىلەن يۇيغاندا چىقمىغان، يەردىكى قېتىشمىنى ئېلىپ قولىغا سۈرۈپ يۇيغاندىن كېيىن قولىدىكى ماي ۋە كىرلەر پاكىز چىقىپ كەتكەن ھەم بۇ نەرسە بىلەن بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى يۇيغاندا كىرلەرنى پاكىز ئالالايدىغانلىقى، شۇنداقلا تېرە ئاسراش رولىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ داۋاملىق ئىشلەپ چىقىرىپ تۇرمۇشقا ئىشلەتكەن ھەم بۇ خىل تېخنىكا ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن، بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى سوپۇن بارلىققا كەلگەن.

كۇچا سوپۇنچىلىقىنىڭ تارىخى ئۇزاق. كۇچا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى، سوپۇنچىلىقنىڭمۇ ئانا ماكانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-بوۋىمىز بۇ ھۈنەردىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە سوپۇن چىلىقنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇپ ئۆزى ئىشلە[...] سىرت بۇ مەھسۇلاتنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب-شىمالىدى[...] باشقا يۇرتلارغىمۇ سېتىپ بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. كۇچا سوپۇنى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي سوپۇنغا ئوخشاش قوي مېيى، كۈرۈكنىڭ كۈلى، تۇز ئىشلىتىلىپ ياسالغان بولسا، ھازىر تەرەققىيات ۋە بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن، چىگىت مېيىنىڭ لېيى (ناترىي گىدروكسىد)، خوجيەن ۋە تۇز قاتارلىق ماتېرىياللاردىن قايىنتىپ زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسالماقتا. سوپۇنچىلىق كۇچادا ئاساسەن ئوچا بازىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھازىر ئوسمان مىجىت، بەكرى مەمەت، قايۇم رازى قاتارلىق داڭلىق سوپۇنچىلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. كۇچا سوپۇنىنىڭ گەرچە بازىرى ئىتتىك بولسىمۇ، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى، سوپۇن ئىشلەيدىغان كۆلەملەشكەن كارخانىلارنىڭ بولماسلىقى، ئەرزان باھالىق سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارنىڭ بازارنى ئىگىلەشى تۈپەيلىدىن ئەنئەنىۋى سوپۇنچىلىقىمىز خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئەمما كۇچا سوپۇنچىلىقى بازار رىقابىتى جەريانىدا تىرىشىپ ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ئورنىنى نامايان قىلىپ، ئەل ئىچىگە تونۇلۇپ، ئادەمنىڭ تېرىسىنى ئاسراش، كىيىم-كېچەكلەرنى چىرىتمەسلىك ۋە رەڭگىنى ئۆزگەرتمەسلىك قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

0
0
9

---

تەلۋە ۋە نادان بىر ئادەمنىمۇ قوشۇپ قاماشنى گۇندىپايغا تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئالىم داد-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە ھۆكۈمدارغا:

— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلاي، مېنى مۇشۇ جاھىل، تەلۋە، نادان ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭ، — دەپ ئەرز قىلىپتۇ.

ھۆكۈمدار ئالىمنى ئازاد قىلىپتۇ ۋە ئۇنى قازىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەپتۇ.

بۇ ھېكايەتتە ئالىم بىلەن نادان ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى يۇمۇرىستىك ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق، نادانلىق تەنقىد قىلىنىپ، بىلىملىك كىشىلەر مەدھىيىلىنىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ فولكلور ئەدەبىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. قەدىمدىن بۇيان بۇ ھېكايەتلەر خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ھايات قىسمەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلدى. يەنى خەلقىمىزنى ئىلىم-ھېكمەت، چارە-تەدبىر ۋە تەجرىبە ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ھايات يولى ۋە تۇرمۇشنى توغرا يېتەكلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا ھېكمەتى چوڭقۇر، قىممىتى زور بولغان ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا، قولدىن قولغا ئۆتۈپ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئەگەر بىز بۇلارنى توپلاپ، تەتقىقاتلار ئېلىپ بارىدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تۇرمۇش پەلسەپىسى، ھايات مىزانى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشنى توغرا يېتەكلەشكە ناھايىتى زۆرۈر بولغان ھېكمەت خەزىنىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(ئاپتور: قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىرلار ئىنستىتۇتى مىللىي تىل كافېدراسىدا)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇقام ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى



تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر ئىلىم ھۈنەر-كەسپنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن گەپنىڭ تەكەللۇمسىنى ـ باشلانمىسنى شۇ ئىلىم، ھۈنەر ـ كەسپنىڭ ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيسىنى، مەنىسىنى ئىگىلەشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئاتالغۇ ئالدى بىلەن بىزگە شۇ ئىلىمنى، ھۈنەر ـ كەسپنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا بىز مۇقامشۇناسلىق ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

«مۇقام» ئاتالغۇسى مۇقامشۇناسلىقتا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇقامشۇناسلىققا ئائىت تۈرلۈك رىسالە، كىتاب ۋە ماقالىلەردە «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكى بىردەك تىلغا ئېلىنغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى قايسى تۈپ سۆزدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە مۇنداق ئۈچ خىل كۆز قاراش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمەكتە:

**بىرىنچى خىل كۆز قاراش:** تىلىمىزدىكى «مۇقام» سۆزى ئەرەبچە ئاتالغۇ. بۇ ئەسلىدە ئەرەبچىدىكى «قوم-قوۋم» دېگەن ئۆزەكتىن ياسالغان بولۇپ، «مام» (مەقام) شەكلىدە «ئورۇن، ماكان، تۇرالغۇ، دەرىجە، مەنسەپ، ئۇنۋان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى، ئەڭ قەدىمكى ئەرەب تىلى لۇغەتلىرىدە بۇ سۆزنىڭ يەككە ھالدا «مۇزىكا، كۈي» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. بۇ سۆز «قاتلام، دەرىجە» مەنىلىرىنى

www.uyghurkitap.com



بىلدۈرگەچكە، سۆز بىرىكمىسىدە مۇزىكىغا ئائىت سۆزلەرگە بىرىكىپ، مۇزىكا ـ كۈيلەرنىڭ بۆلۈنۈشى، دەرىجىسىنى ئىپادىلىگەن. (مۇقامۇننەغەم) ـ ئاھاڭ دەرىجىسى، (阶音) شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا «مۇقام» سۆزى مۇستەقىل ھالدا «كۈي»، «مۇزىكا» مەنىسىنى بىلدۈردىغان مەنە تەرەققىياتىغا ئېرىشكەن.

«مۇقام» سۆزى ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا ئۆزلەشكەندە ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقا «ئاھاڭ»، «كۈي» دېگەن مەنىلىرىمۇ مۇقىملىشىپ قالغان... كېيىنچە پارسلارنىڭ كلاسسىك كۈيلىرىنى رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى پەقەت «ئاھاڭ»، «كۈي» مەنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى كلاسسىك، ئەنئەنىۋى مۇزىكىلارنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە مەنىگىمۇ ئېرىشكەن. يەنى كلاسسىك ئەنئەنىۋى مۇزىكا ـ كۈيلەر «مۇقام» نامى بىلەن ئاتالغان①.

**ئىككىنچى خىل كۆز قاراش:** بەزى ئالىملار «مۇقام» ئاتالغۇسى «مەگام» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن، ھالبۇكى «مەگان» مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئەرەب ئەدەبىيات سەھنىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. بۇ خىل ئەدەبىي ئەسەرلەردە دراماتىك ھېكايىلەر قاپىيىلىك نەسىر بويىچە بايان قىلىنىدۇ. ئۇنى مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا كىرىشتۈرۈپ ئېيتقىلى بولىدۇ. بۇ مۇزىكىلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك كۈيلەردە بايان قىلىنىۋاتقان ھېكايىلەر ئارقىلىق بىر يۈرۈش مۇزىكىغا ئايلانغاندىن كېيىن «مەگام» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى كۈنلەردە «مۇقام» دېيىلگەن، دەيدۇ②. «مۇقام»نى ھەتتا بەزى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە «ماغام» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بار.

**ئۈچىنچى خىل كۆز قاراش:** مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سەففىئودىن ئابدۇلمۆئمىن ئەل ئۇرمەۋىي «مۇقامەت» ئاتالغۇسى ئاساسىدا 12 مۇزىكا مۇجەسسەمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ـ تۈرك مۇزىكىسى ئەرەب تىلىدىن مانا شۇ «مۇقامەت» (مۇقام) سۆزىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق يۈرۈشلەشكەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكىنى ئىپادىلىگەن③.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىنمۇ بۇ كۆز قاراشقا يېقىنراق كېلىدىغان بىر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ يەنى ئەرەب ھېكايىچىلىكىدە، مەمەدانى (969 ~ 1008) قاتارلىق ئەدىبلەر بەسىرەدە جىددىي، ھەيۋەتلىك ھېكايە توپلاملىرىنى «ماقامەت» دەپ ئاتىغانلىقى، بۇ توپلام، «مەجمۇئە» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كېيىنچە مۇزىكا كۈيلىرى تۈركۈم ـ مۇجەسسەملىرىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلدى④.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆز قاراشتا «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكى، لېكىن ئۇنىڭ «قوۋم»، «مەگام»، «مۇقامەت» (ماقامەت)قاتارلىق سۆزلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى ۋە قىسمەن مەنىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

مۇقامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە گەپ بولغاندا، يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆز قاراشقا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل كۆز قاراشنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەت دەپ قارايمەن. ئۇ بولسىمۇ ئالىم، مۇقامشۇناس ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىدىكى كۆز قاراشتۇر.

گېرمانىيىلىك ۋېرنېرتوماسنىڭ «توخار تىل دەرسلىكى» (ھېيدېلبېرگ، كارك ۋېنتېر ئۇنىۋېرسىتېتى، «ELementor tucharisches» نىڭ 49 ـ بېتىدە «ئارانمى جاتاكا» ناملىق قىسسە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، 4 ـ ئەسىردە پۈتۈلگەن بۇ ھېكايىدە كۇسەنىنىڭ ۋېدوسكا دراماكا ناملىق مۇقام ئۇستازى بەش شاگىرتى بىلەن ئارانمى ناملىق باشقا بىر پادىشاھقا سوۋغا قىلىۋېتىلمەكچى بولغاندا، ۋېدوسكا دراماكانىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن شاھزادە ئوتتاراغا ئىلتىجا قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان «مەقەۋە» (Makayame) ئىبارىسى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى كۇسەن ـ توخرىچە تەلەپپۇزى دېگەن قارىشى⑤. بۇ قاراش ھازىرچە پەقەتلا «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابتىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. داڭلىق مۇقامشۇناسلاردىن ئۆزبېكىستانلىق ئىسھاق رەجەبوۋنىڭ «مۇقاملار»، قازاقىستانلىق باتۇر ئەرشىدىنوۋنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابلىرىدا بۇ كۆز قاراش قەتئىي تىلغا ئېلىنمىغان، ھەتتا باتۇر ئەرشىدىنوۋ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» كىتابىنىڭ 29 ـ بېتىدە: «يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئەرەب ۋە تۈركلەر ‹مەقام›، ‹مۇقام›، ‹مۇقەم›، ‹مەغام›، ‹مۇغام› دەپ ئاتاشقان. بۇنىڭ ھەممىسى بىر سۆز، بىر مەنبەدىن (يەنى مەقام سۆزىدىن) ئېلىنـ

غان... لېكىن ‹مۇقام› سۆزىنى ‹مەقام›دىن كېلىپ چىقمىغان دەپ باشقىچە تەرىپلەش بىھۇدە ئۇرۇنۇشتۇر» دەيدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرچە «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆز قاراشقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇقاملار ئەرەبلەر ئىستىلاسىغا قەدەر ھەم باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر مەنبەلەردە ئۇيغۇرلار «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇدىن باشقا يەنە «كۈگ» تۈلۈم، «باياۋان» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنماقتا. بۇلار ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلاردۇر. ئەرەبچە «مەقام» ئىبارىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەخمىنەن فارابى دەۋرىدە مەشھۇر بولۇشقا باشلىغان⑥.

ئىسلام شەرقىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا «مۇقام» (ماقام) ئاتالغۇسى مۇزىكا ئاتالغۇسى سۈپىتىدە 13 ـ ئەسىردە سالجۇقى تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى باغدادتا ياشىغان ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سەففىئۇددىن ئابدۇلمۆئمىن ئەل ئۇرمەۋى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭغىچە ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ «مۇقام» ئاتالغۇسى ئورنىدا «پەدە»، «دەستگاھ» (دەستىدىكى ئورۇن) ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغانلىقى مەلۇم⑦.

«مۇقام» ئاتالغۇسى شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاسىيادا ياشايدىغان بىر قانچە تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئورتاق ئىشلىتىلگەن بىر تۈرلۈك مۇزىكا شەكلىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولغاچقا، قوللىنىلغان دەۋرى ئۇزاق، دائىرىسى كەڭ، مىللەتلەر مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

بىرىنچى، «مۇقام» سۆزى ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئورۇن، ماكان، مەرتىۋە، جاي، ئىستىقامەت ئورنى، دەرىجە، مەنسەپ، ئۇنۋان» دېگەن مەنىلەردە.

ئىككىنچى، تۇنىسلىق دوكتۇر ھەبىب ھەسەن تۇما 1973 ـ يىلى يازغان «مۇقامچىلىق ھادىسىسى» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈپ: 1913 ـ يىلى تەتقىقاتچى ئاندۇرسون: «مۇقام سۆزى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ مەرتىۋىلىك جاي» دېگەن مەنىدىن كەلگەن، دەپ تەبىر بەرسە، 1943 ـ يىلى تەتقىقاتچى جېكسون: «مۇقام باغداد خەلىپىسى ھوزۇرىدا ناخشىچىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى» دېگەن مەنىدىن كەلگەن، دەپ تەبىر بېرىدۇ. 1965 ـ يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «مۇزىكا لۇغىتى»دە «ئەڭ ئېگىز قۇرۇلما» دەپ ئىزاھلايدۇ⑧.

ئۈچىنچى، «كۈي ئاھاڭ» دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي باسقۇچى دەۋرىدە «مەقام» سۆزى ھەر ئىككى مەنىدە، يەنى ئەسلىي مەنىسى «ئورۇن، جاي، ماكان، دەرىجە»دىن باشقا «ئاھاڭ، كۈي» ھەمدە ئەنئەنىۋى كلاسسىك كۈيلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن⑨.

مۇقامشۇناس، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»دىكى مۇقام ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا، ناۋائىينىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا «مۇقام» ئاتالغۇسى «دەرىجە، كامالەت، ماكان» جۈملىدىن «ئاھاڭ، كۈي، پەدە، روھىيەتنىڭ بۈيۈكلۈك مەلىكىسى» دېگەنگە ئوخشاش كۆپ خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتۈلگەن، ئۇنىڭ يەنە «مۇزىكىلىق ئاھاڭ»، «مۇزىكا ئاھاڭى»، «كۈي ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار.

تۆتىنچى، 13 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردىكى رىسالىلەردە بولسا «مۇقام» ئاتالغۇسى «پەدە» سۆزىگە مەنداش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئاساسلىق مەنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىشلىتىلگەن ۋاقتى ئۇزاق، دائىرىسى كەڭرەك بولۇپ نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەشىنچى، سەففىئۇددىن ئابدۇلمۆئمىن ئەل ئۇرماۋىنىڭ «كىتابۇل ئەدۋار» (دائىرىلەر كىتابى)، خوجا ئابدۇقادىر مەراغىينىڭ «مەقسىدۇل ئەلخان» (مۇزىكا مەقسەتلىرى)، نەجمىدىن كەۋكەبى بۇخارىنىڭ «رىسالەئى مۇسىقى»، دەرۋىش ئەلىنىڭ «رىسالەئى مۇسىقى» قاتارلىق رىسالىلەردە ئالىملار «مۇقام» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «مۇئەييەن شەكىلدىكى ئاھاڭلار بىرىكمىسى» دەپ قارىغان⑩.

ئالتىنچى، «مۇقام» ئاتالغۇسى مۇزىكا ئاتالغۇسى سۈپىتىدە «ئاھاڭلار سىستېمىسى» دېگەن مەنە بىلەن بىللە يەنە مۇرەككەپ مۇزىكا شەكىللىرى بىلەن تۈزۈلگەن راۋاجلانغان ئاھاڭ ۋە مۇقام كەسپىي چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغان كۆپ قىسىملىق مۇزىكا

www.uyghurkitap.com



ئەسەرلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

يەتتىنچى، «تون، فونىما، گاما، كۈي شەكلى» چۈشەنچىسى: مۇنداق قاراشتىكىلەر «مۇقام» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «ئاۋاز»، كېيىنچە قەدىمكى چالغۇ ئۇدنى چالىدىغان مۇغەننىلەر سول قول بارمىقى تۇرىدىغان ئورۇننى كۆزدە تۇتقان. چۈنكى مۇغەننىنىڭ سول قول بارمىقىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بويىچە ئوخشاشمىغان گاما چىقىرىشقا بولىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى ئوخشاشمايدىغان كۈي شەكلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا «مۇقام» سۆزى «كۈي شەكلى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، دەيدۇ. 1976 - يىلى نەشردىن چىققان «سوۋېت ئېنتسىپاقى قامۇسى، مۇزىكا قىسمى» مۇشۇ قاراشنى قوبۇل قىلغان جۈجى (ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى)، «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى — مۇقام» شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2007 - يىل نەشرى 2 - بەت).

سەككىزىنچى، «مۇقام» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولسىمۇ، كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا يۇقىرىقى بىر قاتار مەنىلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆزىگە يۇكلەپ كۆپ مەنىلىك سۆز بولغان، مەسىلەن، «قائىدە - يوسۇن، قېلىپ، قانۇن، مەنتىقە، يۇقىرى مەقسەت، تەرتىپ، ئۆلچەم، رىتىم، ھەرىكەت، ئۇسسۇل، يول، ئۇچۇر، دەرىجە، مەرتىۋە» دېگەندەك.

توققۇزىنچى، «مۇقام» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن «چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن مۇزىكا ئەسىرى»، «ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىنى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم قىلغان، چوڭ ھەجىملىك ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى» (جۈجى «ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى — مۇقام»، 6 - بەت) دېگەن مەنىدە چۈشىنىلمەكتە.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىل مۇھىتىدىكى «مۇقام» دېگەن بۇ سۆز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەزمۇنلاردىن باشقا، ھازىر ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، داستان، تىياتىر، ھەتتا مىللەتنى تونۇش، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەت تەركىبلىرىنى ۋە مەدەنىيەت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەر بولۇپ قالدى. بۇ سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ مىقدارى سەنئەتنىڭ ژانىرىنىڭ تار مەنە دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ناھايىتى كۆپ ئېشىپ كەتتى⑪.

«مۇقام» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى مۇقامشۇناس جۈجى ئەپەندى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «مۇقام دېگەن بۇ سۆزنى ھەر خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بار: بىرى، ھەر مىللەت، ھەرقايسى رايونلاردىكى (مۇقام مۇزىكا ھادىسىسى) ئوخشاش ئەمەس. يەنە بىرى، (مۇقام) دېگەن بۇ سۆز تارىخىي مۇساپە ۋە پايانسىز كەڭ زېمىندا ئۆز مەنىسىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرغان. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى رايون ۋە ھەرقايسى مىللەتتىكى مۇزىكا ئالىملىرى شۇ جايدىكى (مۇقام مۇزىكا ھادىسىسى)نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە (مۇقام) دېگەن بۇ سۆزگە ھەر خىل تەبىر بەرگەن»⑫.

ئالدىنقى ماۋزۇدا «مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن كۆپ مەنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە مۇقامنىڭ تەبىرىدۇر. «مۇقام» — چالغۇ ئەسۋابلاردا ئورۇندىلىدىغان كۈي ۋە ناخشىلاردىن تەشكىل تاپقان تاۋۇشلارنىڭ جايلىشىدىغان ئورنى يەنى پەدە دېمەكتۇر. مۇزىكىغا ئائىت رىسالىلەرنىڭ بەزىلىرىدە مۇقاملارغا تۈرلۈك تەبىرلەر بېرىلگەن. 10 - ، 13 - ئەسىردىكى يازما مەنبەلەردە بولسا «مۇقام»غا مۇجمەلرەك تەبىرلەر بېرىلگەن. مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەينى دەۋرلەردە يېزىلغان مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت رىسالىلەردىكى بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

بىرىنچى، 15 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇزىكا نەزەرىيىچىسى زەينۇل ئابىدىن ھۈسەيىنىنىڭ «قانۇنىي ئىلمى ۋە ئەمەلىي مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ ئىلمى ۋە ئەمەلىي قائىدىلىرى) ناملىق ئەسىرىدە مۇقامغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

«سازنىڭ دەستىسىگە باغلىنىدىغان ھالقىسمان تولۇقلار (پەدە) مۇقام دېيىلىدۇ». بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقام — چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىگە باغلانغان پەدىلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىرازىي ۋە جامىيلارنىڭ رىسالىلىرىدە مۇقام سۆزىنىڭ ئورنىغا «پەدە» ئاتالغۇسى قوللىنىلغاندى⑬.

ئىككىنچى، مۇھەممەد غىياسىدىن بىن جالالىدىن ئۆزىنىڭ «غىياسۇل ـ لۇغەت» (1826 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە مۇقامغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «ئىجرا قىلىنىدىغان كۈي ۋە ناخشىلارنىڭ پەدىسى مۇقام دېيىلىدۇ»⑭.

ئۈچىنچى، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مۇقام ئاتالغۇسى تۈرلۈك مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن مۇقامنىڭ دەسلەپكى مەنىسى ئىجرا قىلىنىدىغان كۈينىڭ لاد ئاساسى دېگەنلىكتىن ئىبارەت... شەرق خەلقلىرى مۇزىكىسىنىڭ لاد ئاساسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئەسەرلىرى كۆپىنچە مۇئەييەن لاد ئۆيۈشمىلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ⑮.

تۆتىنچى، يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە مۇقام ئاتالغۇسى لاد ئۆيۈشمىلىرى بىلەن بىر قاتاردا مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلاردا باشلىنىدىغان پەدىسىنى (تۈنىكا) ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، راست پەدىسى، ئۇششاق پەدىسى، ناۋا پەدىسى دېگەندەك، شۇڭا 13 ـ، 15 ـ ئەسىردىكى مۇزىكا ئەسەرلىرىدە مۇقام ئاتالغۇسىغا پەدە سۆزى مەنداش دەپ كۆرسىتىلگەن⑯.

بەشىنچى، ئالىم مۇقامشۇناس ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا يەنە مۇقامغا مۇنداق تەبىرلەرمۇ بېرىلگەن: مۇقام 12 كەسىملىك تېمپېراتسىيە 12 ئاۋاز قاتارى كۈي سىستېمىسى تۈزۈلگەن مۇزىكا تۈركۈمى؛ 12 ئاۋاز قاتارى كۈي سىستېمىسىدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر؛ مۇزىكا چالغۇلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىدىغان كۈيگە لايىق قىلىپ سازلىنىشى⑰.

ئۆزبېكلەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامشۇناسى ئىسھاق رەجەبوۋ «مۇقاملار» ناملىق كىتابىنىڭ 64 ـ بېتىدە يۇقىرىقى مۇزىكا رىسالىلەردىكى مۇقامغا بېرىلگەن ھەر خىل تەبىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇقامغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «مۇقام ــ مەلۇم لاد (تاۋۇش قاتارى) ئاساسىغا ماس كېلىدىغان ۋە مۇئەييەن پەدىدىن باشلىنىدىغان كۈي ۋە ناخشا ـ غەزەللەرنىڭ مەجمۇئەسىدۇر. ھازىرقى كۈنگىچە مۇقام كۈي ۋە ناخشا ـ غەزەللەر يوللىرى تۈركۈمى مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلدى». بۇ مۇقامغا بېرىلگەن ئەڭ ئاددىي، ئومۇملاشقان تەبىر بولۇپ، مەيلى ئۆزبېك تىلىدىكى، مەيلى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇقامغا ئائىت نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ تەبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى 134 ـ، 135 ـ بەتلەر.

② جۇجى (ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى) «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى ــ مۇقام» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2007 ـ يىل 3 ـ سان 41 ـ بەت.

③ قاسىم ئارىش «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1999 ـ يىل 3 ـ سان 41 ـ بەت.

④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى 97 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 47 ـ، 48 ـ بەت.

⑥ ئىسھاق رەجەبوۋ «مۇقاملار» تاشكەنت سەنئەت نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى 137 ـ بەت.

⑦ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـيىل نەشرى 46 ـ بەت.

⑧ ئابلىمىت روزى «ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئاساسلىرى ۋە شىنجاڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىكى مۇقامپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 32 ـ بەت.

⑨ ئابدۇشۈكۈر تۇردى «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى 135 ـ بەت.

⑩ ئابدۇللا ئەزىز ھاشىموۋ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سىستېمىسى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى 442 ـ بەت.

⑪ ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تۈزگەن «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى 3 ـ بەت.

⑫ جۇجى (ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى) «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى ــ مۇقام» شىنجاڭ پەن ـتېخنىكا نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى 6 ـ بەت.

⑬ ئىسھاق رەجەبوۋ «مۇقاملار» تاشكەنت سەنئەت نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى 64 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب 64 ـ بەت.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب 64 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب 64 ـ بەت.

⑰ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى 50 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



هەززەتئېلى ياسن

# شنجاڭنڭ هازرقى ساياهەتچلك ئەهۋالدن كەلگۈسگە نەزەر

شنجاڭ ساياهەتچلىكى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، بىر قاتار تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ساياھەت گۇرۇھلىرى ۋە شىركەتلىرى بەس - بەستە قۇرۇلۇشقا باشلاپ، ساياھەت كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مۇلازىمەت تىپىدىكى كەسپلەرمۇ بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنى ئىمكانقەدەر رازى قىلىشقا تىرىشتى.

مەسىلەن، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىغان قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، 1990 - يىللاردىن ئىلگىرى قەشقەردە پەقەت بىر، ئىككى ساياھەت شىركىتى بولغان بولسا، ھازىر بۇ سان كۆپىيىپ، تەخمىنەن ئون ئەتراپىدا ساياھەت شىركىتى بارلىققا كەلدى. بۇ شىركەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇلازىمەت كەسپلىرىمۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئاز سانلىق ساياھەت شىركەتلىرى پەيدا ئېلىشتىن ئومۇمىي خەلق ئورتاق نەپكە ئېرىشىشتەك كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ساياھەت كەسپى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرغان ئامېرىكا، ياپونىيە، سىنگاپور، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ساياھەت شىركەتلىرى قىلغان كىرىمى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تەرەققىيات جەھەتتە يەنىلا ئىنتايىن ئارقىدا. مەسىلەن، سىنگاپورلۇقلار ساياھەت قاتارلىق ھەر خىل كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېرىقچىلىق قىلمايمۇ دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەن دۆلەتكە ئايلىنالىغان. كورىيە ئۆزىنىڭ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى، بولۇپمۇ، تېلېۋىزىيە

فىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا
مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىي ۋە مە-
نىۋى بايلىقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بازارغا سېلىپ، زور ئىق-
تىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققە-
تىنى ئۆزىگە تارتتى. ساياھەتچىلىك كەسپىدە باشقىلارنى
دوراش بىلەن ئەمەس، ئۆزىدىكى خاسلىقنى بايقاش ۋە
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۈنۈملۈك ئىمكانىيەتلەرگە
ئېرىشىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان تەرەققىياتلارمۇ روياپقا
چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قاتار مەسىلىلەرمۇ يۈز بې-
رىشكە باشلىدى. ساياھەت كەسپىنىڭ مۇھىم مەنبەسى
بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قارىغۇلارچە ئېچى-
لىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيانلارنىڭ تولدۇرۇ-
ۋالغۇسىز دەرىجىدە بولۇشى كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تار-
تىشى مۇمكىن. چۈنكى مەدەنىيەت يادىكارلىق بايلىقلىرى
قايتا پەيدا بولمايدىغان بولغاچقا، ۋەيران قىلىنغاندىن
كېيىن پۇل خەجلەپ كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلى-
رىغىچە بولغان ئارىلىقتا گېرمانىيە، شۋېتسىيە، روسىيە، يا-
پونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچى-
لەرنىڭ دىيارىمىزغا كېلىپ، ئاجايىپ زور قىممەتكە ئىگە
نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەت-
كەنلىكى سىر بولمىسا كېرەك. «تولۇقسىز مەلۇماتلارغا
قارىغاندا دۇنيادىكى 47 دۆلەتنىڭ 200 دىن ئارتۇق مۇ-
زېيىدا دۆلىتىمىزنىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق مەدەنىي يادى-
كارلىق بايلىقلىرى ساقلانغان. يالغۇز سىزما سۈرەتلەرنى
ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ سىزما سۈرەتلىرى ئامېرىكى-
نىڭ مەركىزىي مۇزېيىدا ئەڭ كۆپ ساقلانغان. ئەنگلىيە-
نىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا جۇڭگونىڭ ئەڭ نەپىس
سۈرەتلىرى ساقلانغان. ئاسىيانىڭ نەپىس بۇيۇملىرىنى
ساقلاشتا داڭق چىقارغان فرانسىيىدىكى جىمى مۇزېيىدىمۇ
جۇڭگونىڭ قەدىمىي دەۋرلىرىگە ئائىت ئاسارئەتىقىلەرنىڭ
ھەممىسنى تاپقىلى بولىدۇ»①.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز بىر قانچە مۇزېيلاردا
ساقلىنىۋاتقانلىرى بولۇپ، تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ
ستاتىستىكا قىلىدىغان بولساق، باشقا ئەللەرگە چىقىپ
كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز كىشىنى ھەيران قال-
دۇرىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

«1999ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 51 كىشىدىن
تەشكىللەنگەن ئون نەچچە دالا ئاپتوموبىلى داقا ـ
دۇمباق سادالىرى ئىچىدە «لوپنۇرغا سەپەر، كروراننىڭ
تارىخى مەدەنىيىتىنى تەكشۈرىمىز» دېگەن بايراقنى كۆتۈ-
رۈۋېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىر تاۋۇتنى تاپقان،
بۇ تاۋۇتتا 11 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بىر خەت بار بولۇپ،
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ خەت رونىك يېزىقى دەپ قا-
رالغان. بۇ خەۋەر 100 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى-
دە «تەكرىتاغ باغرىدىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا يې-
زىقىدىكى تاۋۇت بايقالدى» دەپ داغدۇغىلىق خەۋەر قى-
لىنغان. ئەپسۇس، ئەتىسى بۇ رەڭلىك تاۋۇت ئىز- دېرەك-
سىز يوقاپ كەتكەن. بۇ ۋەقەنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار
تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمە-
گەن. رەڭدار تاۋۇتنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ھازىرغىچە سىر
بولۇپ تۇرماقتا»②. «1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا نىيە نا-
ھىيىسى رۇكىيا يېزىسىنىڭ دۇۋا ئېغىز كەنتىدە ئولتۇرۇش-
لۇق روزى ھېيتىنىڭ باشلامچىلىقىدا مەتتۇرسۇن ئەيسا قا-
تارلىق يەتتە كىشى نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە
كىرىپ، بىر دانە كونا كويزا، بىر دانە ياغاچ تاغاق،
1999 ـ يىل 3 ـ ئايدا بىر دانە ئۇكەكنى كولاپ چىقىپ،
ئىچىدىن تۆت دانە ئوقيا بېشى، بىر تىزىق مارجان قاتار-
لىقلارنى ئوغرىلىغان ھەمدە مەتتوختى ئابدۇغېنىنىڭ ساق-
لىشىغا بەرگەن»③. بۇنداق پاجىئەلەر جۇڭگونىڭ باشقا
جايلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىدەك
ئەھۋاللار مەدەنىي يادىكارلىق بايلىقلىرىنى قوغداشقا ئالا-
قىدار قانۇن ـ نىزاملارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ
پەيدىنپەي ئازلاۋاتقان بولسىمۇ، ساياھەت كەسپىنىڭ تە-
رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ساياھەت بايلىقلىرىنى ئېچىش
نامىدا بىناكارلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى بايلىقلار زىيانغا
ئۇچراش قىسمىتىدىن تولۇق قۇتۇلغىنى يوق. ناھىيە ۋە
ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق
ئورۇنلىرى مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك قۇتقۇزۇشنى
كۈتۈپ تۇرماقتا. خېلى زور ئاسارئەتىقە قىممىتىگە ئىگە
بولغاندىن باشقا، ھازىرقى زامانىۋى بازار ئىگىلىكى دەۋ-
رىدە ناھايىتى كۆپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان
مەدەنىي يادىكارلىق بايلىقلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساياھەت-
نىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئوبيېكتىغا ئايلىنالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋە-
بى نېمە بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇ-

www.uyghurkitap.com



رۇشنلىك مۇمكنچلكى بارمۇ ؟

1) تەشۋىقاتنى يەنمۇ كۈچەيتىش كېرەك

ھەرخل ئۇچۇر ۋاستلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئە-
گىشىپ، نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى ئىنتېرنېت
تورى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى، شۇڭا مەملە-
كەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش
ئۈچۈن توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئەقەللىي تەلەپكە
ئايلاندى. بىز ھەرقايسى ساياھەت گۇرۇھلىرى ۋە شىر-
كەتلىرىنىڭ سىرتلارغا تارقىتىۋاتقان ئۇچۇرلىرىغا قارايدى-
غان بولساق، قىسمەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىل سەۋە-
بىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئۇچۇرلارنىڭ ئۇنچە تېز ۋە
يېڭى ئەمەسلىكىنى، ساياھەت ئورۇنلىرىنى چۈشەندۈرىدى-
غان ماتېرىياللارنىڭ ئىلمىي، ئەتراپلىق ۋە كىشىنى جەلپ
قىلىدىغان دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى بايقىيالايمىز. 2000-
يىلىدىكى ماي ئېيى ساياھەت ھەپتىلىكىدە دۇنخۇاڭغا
كەلگەن ساياھەتچىلەر 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن،
ھەتتا دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى باشقۇرغۇچى ئورۇن ساياھەت-
چىلەرنى كۈتۈۋېلىشتا تويۇنۇش باسقۇچىدىن ئېشىپ كەت-
كەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئىگىلىنىشچە، 1990- يىل قۇرۇلغان دۇنخۇاڭ تەت-
قىقات ئاكادېمىيىسىدە 200 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىم
بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتى-
جىسىدە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» دۇنخۇاڭغا قۇ-
رۇلغان.

خەنزۇچە «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 2000 -
يىل 9 - سانىدا يېزىلىشچە، دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمە-
يىسى «دۇنخۇاڭ سەنئىتىنى كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدە
ئاسراش ۋە تەتقىق قىلىش تېخنىكىسى» ۋە باشقا تۆت
چوڭ ئالاقىدار پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 2000 - يىلى
گېرمانىيىنىڭ ھانوۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا يەرمەنكىسى-
گە قاتناشتۇرغان. بۇ تەتقىقات تېخنىكىسى دۇنخۇاڭدىكى
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئىشلىرىنىڭ رەقەم-
لىك ئۇچۇر دەۋرىگە رەسمىي كىرگەنلىكىدىن دېرەك بې-
رىدۇ.

دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى كۈچلۈك تەتقىقات
قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، «دۇنخۇاڭ تەتقىقات ژۇرنىلى»
تەسىس قىلىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دۆلەت ئىچى
دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى 1990 - يىللاردىلا تام
رەسىملىرىنى كومپيۇتېر ئامبىرىغا كىرگۈزۈپ ساقلاش ۋە
تەتقىق قىلىش تورىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولغان ⑤. بۇ
خىل زامانىۋى تەشۋىقات ئۇسۇلى دۇنخۇاڭنىڭ نامىنى نا-
ھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان. يۇ-
قىرىقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈرلۈك زامانىۋى
ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەتقىقات قو-
شۇنى ۋە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، شىنجاڭدىكى سا-
ياھەت بايلىقلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە ئىلمىي ھالدا
ئېچىپ، باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ساياھەت ئورۇنلىرىنى نەق مەيداندا تەشۋىق قىلغۇ-
چى تەرجىمانلاردىكى سەۋىيە نامراتلىقى: (1) خەنزۇ تىلى
ۋە چەت ئەل تىلى نامراتلىقى: رايونىمىزدا تەرجىمانلىق
قىلىۋاتقانلارنىڭ ئاز بىر قىسمى مۇنتىزىم تەربىيە
كۆرگەن. تەلەپپۇزى توغرا، ئېغىز تىلى ئىپادىلەش قابىلى-
يىتى يۇقىرى بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلى ۋە
چەت ئەل تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ياكى مەلۇم تەربىيلەش
كۇرسلىرىدىن قىسقا ۋاقىت ئۆگىنىپلا تەرجىمانلىق قىلغان
بولغاچقا، تەلەپپۇزى دېگەندەك ئۆلچەملىك ئەمەس، ئىپا-
دىلەش قابىلىيىتىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن، مۇناسىۋەتلىك سايا-
ھەت ئىدارىلىرى تارقىتىپ بەرگەن چەكلىك ۋە يۈزەكىي
ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش ئەھۋالى ناھايىتى
ئېغىر. شۇڭا ئۆزى تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان تىلنىڭ قانۇنى-
يىتىنى ناھايىتى پۇختا بىلىدىغان، ھەتتا، چەت ئەللەردە
تەربىيلىنىپ كەلگەن تەرجىمانلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش
يۇقىرىقى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە
ھېسابلىنىدۇ.

2) ئۇنىۋېرسال بىلىم نامراتلىقى: شىنجاڭ كۆپ مىل-
لەتلىك رايون، تېررىتورىيىسى ناھايىتى كەڭ، تارىخى
ئۇزۇن ، مەدەنىيەت قاتلاملىرى كۆپ قۇتۇپلۇق، تەرجى-
مانلار ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخ، مەدەنىيەت،
ئۆرپ - ئادەت ھەتتاكى جۇغراپىيىلىك بىلىملەردىن
تارتىپ، كۆزگە چېلىقمايدىغان نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭ ئومۇ-
مىي چۈشەندۈرۈلۈشى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارغا قەدەر
دىققەت قىلىپ، سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۇلار
مەمنۇن بولغىدەك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرەلىسە، مانا بۇ
ھەقىقىي تەرجىمان ھېسابلىناتتى. ئەپسۇس، بۇنداق ئۇنى-
ۋېرسال بىلىمگە ئىگە تەرجىمانلار كەمدىن - كەم ئۇچراي-
دۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەر-

گە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش تەرجىمانلىق كەسپىدىكى ئەقەللىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.

3) قانۇنىي بىلىم نامراتلىقى: ساياھەت يېتەكچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. مەسىلەن، ساياھەتچىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى يىتۈپ كېتىش، ساياھەتچىلەر ئېزىپ قېلىش، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغاندىكى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان ماجىرالار، ۋەھاكازالار. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە تەرجىمانلاردا چوقۇم قانۇنىي بىلىم بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمىسا مېھمانلار رەنجىپ قېلىشى، ھەتتا، ئەرز قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش جەھەتتە سەلبىي تەسىر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

4) قىسمەن تىجارەتچىلەردىكى بىلىمسىزلىك ۋە سودا ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرى، چەت ئەل تىلى بىلمەسلىك، قىسمەن تىجارەتچىلەر بىر قانچە ئېغىز سۆزدىن باشقا چەت ئەل تىلى بىلمەي بولمىغاچقا، ئۇلار بىلەن راۋان ئالاقە قىلالماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت، شۇڭا ئۇلار ئاساسەن تەرجىمانلارغا تايىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئويلىغاندەك پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ مەسىلە ساياھەتچىلەرگە مال ساتىدىغان قىسمەن تىجارەتچىلەردە ھەل بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم تىجارەتچىلەردە تېخى ھەل بولغىنى يوق. بەزى تىجارەتچىلەر مال ساتقۇچى خادىملىرىغا ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش تەلىپىنى قويىدۇ، ئەگەر سىز ئاشۇنداق دۇكانلارغا كىرسىڭىز، خېرىدار بار چاغدا مال سېتىش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، باشقا ۋاقىتلاردا خادىملارنىڭ تىل ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. يەنە بىرى، تىجارەتچىلەردىكى سەممىيەتسىزلىك ساياھەتچىلەرگە مال ساتىدىغان قىسمەن تىجارەتچىلەردە بۇ ئەھۋال مەۋجۇت.

ئۇنىڭدىن باشقا ساياھەتچىلەرنىڭ پسىخىكىسىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش دېيەرلىك ئەمەس، گەرچە بىر قىسىم تىجارەتچىلەر ساياھەتچىلەرنىڭ خاراكتېرى، قىزىقىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا جەلپ قىلغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ئەنئەنىۋى تىجارەت قىلىش ئۇسۇلىدىن قۇتۇلغىنى يوق.

5) ساياھەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىۋاتقانلاردىكى پاراسەتسىزلىك مەسىلىسى: بۇ جەھەتتە بىر قەدەر گەۋدىلىك ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر: ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان يەرلىك ساياھەت بايلىقلىرىنى بايقاپ بازارغا سالالماسلىق، ساياھەت بايلىقلىرىنى بايقىغاندا، ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولماي، قىسقا ۋاقىتلىق پايدىنى كۆزلەش، ساياھەت ئورۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە يەرلىك ئورۇنلارنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى جەلپ قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق، چۈنكى خېلى كۆپ ساندىكى ساياھەتچىلەر ئۆزى بارماقچى بولغان ساياھەت ئورنىغا قەدەم بېسىشتىن بۇرۇن، ئالاقىدار ساياھەت شىركىتى بىلەن ئالاقە قىلىپ، تورلۇق ساياھەت مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تەجرىبىلىك بولۇشى قاتارلىق تەرەپلەرگە قەدەر ئىنچىكە تەلەپ قويۇپ تۇختاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ساياھەتچىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ساياھەت بايلىقلىرىنى ئېچىش يوق دېيەرلىك، ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش يېتەرلىك ئەمەس، ۋەھاكازالار.

بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، ھۆكۈمەت بىر قانچە يىل جەريانىدا پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا 30 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ سالغان بولۇپ، بۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى كۆپەيگەن.

ئۇنداقتا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ چىقىش يولى قەيەردە؟

(1) ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دۇنيادىكى ئورتاق يۈزلىنىش بولغان «چوڭ تىپتىكى ساياھەت ئىدارىلىرى گورۇھلىشىش، ئوتتۇرا تىپتىكى ساياھەت ئىدارىلىرى كەسپلىشىش، كىچىك تىپتىكى ساياھەت ئىدارىلىرى تورلىشىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى يولىغا مېڭىش بىر خىل ئاقىلانە تاللاش بولۇشى مۇمكىن.

(2) ھازىرغىچە بايقالمىغان ۋە رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىق بايلىقلىرىمىزنى سىزگۈرلۈك بىلەن بايقاش، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىمىز، چالغۇلىرىمىز، ناخشا - مۇزىكىلىرىمىز، ئۇسسۇللىرىمىز، سىمۋوللۇق ئەتلەسلىرىمىز، دوپپىلىرىمىز، پىچاقلىرىمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يېمەك ـ ئىچمەك ۋە مېۋە ـ چېۋىلىرىمىز، دىققەت قىلمايدىغان پەشمەكلىرىمىز، گەزنە ۋە تۇكۇچىلىرىمىز، بوشۇك قاتارلىقلارغا قىزىقىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قىزغىن قوللىشى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ئادىل ھوشۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2001-يىلى 22- ئىيۇن تۇنجى نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى دارۋازلىق سەنئىتى بايرىمى قەشقەر شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن قاتناش ۋاسىتىلىرى يېتىشمەسلىك، يېمەك ـ ئىچمەك يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن، خەلق باغچىسى ئالدىغا يىغىلغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن خېلى ئۇزاققىچە تارقاقلىشىپ بولالمىغانىدى.

رايونىمىزنىڭ ئەڭ تىپىك بەلگىسى بولالايدىغان تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن تاغ، ئالتاي ئېتەكلىرى، ئىلى ۋادىسى، تەكلىماكان قۇملۇقى، بۇغدا تېغى، پامىر ئېگىزلىكى قاتارلىق ئورۇنلار، ئۇزۇن ۋە قىسقا مۇساپىلىك ساياھەت بەلبېغى تەسىس قىلىشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى دۇنيا بويىچە 2 ـ چوڭ قۇملۇق بولۇپ، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان يېشىللىق كارىدورنى بويلاپ تۆگىلىك سەپەر قىلىش ئادەمگە كۈچلۈك رومانتىك تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مازارتاغ ۋە ئەتراپتا قۇمغا مىلىنىپ ياتقان سىرلىق خارابە ـ قورغانلار بۇ ۋادىغا قويۇق فانتازىيىلىك خۇسۇسىيەت ۋە رىۋايەت تۈسىنى بەخش ئەتكەن بولۇپ، دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان «ئۈستى ئوچۇق تارىخىي مۇزېي» ھېسابلىنىدۇ⑧. بۇنداق جەلپكار ۋە سىرلىق ماكان ئەلۋەتتە ساياھەتچىلەرنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ، قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 58 ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 263 ى، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 2000 غا يېقىن بار بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ئەڭ كۆپ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىك ئارقىلىق «ئالاھىدە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق كەنتى»، «ئالاھىدە قوغدىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت كەنتى» قۇرۇش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت ئالدىن بېرىۋاتقان تىجارەتچىلەرنى مەبلەغ سېلىشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، رايونىمىز ساياھىتىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىنى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ماددىي ۋە مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنى قوغدايدىغان روھ ۋە زامانغا، ماكانغا لايىق بىلىم قۇرۇلمىسى بولسىلا، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياخشى ئاسراپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشالايمىز.

①«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانىغا قارالسۇن.

②پېترخوپكرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1990- يىلى 1- نەشرى 148-، 149-بەتلەرگە قارالسۇن. بۇ ھەقتىكى مەزمۇننى ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر «مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز» دېگەن كىتابىنىڭ 47 ـ، 48 ـ بەتلىرىدە تىلغا ئالغان.

③ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانىغا قارالسۇن. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 48 ـ، 49 ـ بەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

④ دۇنخۇاڭدىكى مۇگاۋ مىڭئۆيى بىلەن كۇچادىكى قىزىل مىڭئۆيى سېلىشتۇرۇلغان يۇقىرىقى مەزمۇنلار، ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىرنىڭ «مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز» دېگەن كىتابىنىڭ 30 ـ، 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ بەتلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن مۇۋاپىق قىسقارتىش ئاساسىدا ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑤جاڭ تىڭۋېي: «كوجىما ياسنورى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى، 2 ـ بەت، بۇ خەۋەر يۇقىرىقى كىتابنىڭ 23 ـ بېتىدە تىلغا ئېلىنغان.

⑥«تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 398 ـ، 399 ـ، 400 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# قىزلار تەربىيىسى

ئەلى نەزىما

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## قۇتلۇقلاش ياكى هال سوراشقا بېرىش

قۇتلۇقلاش، هال سوراشقا بېرىش — ئارىدىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئورنى كەلگەندە ئۇلۇغلىرىمىزغا، دوستلار، قېرىنداشلىرىمىزغا، يېقىن تونۇشلىرىمىزغا، قان - قېرىنداشلىرىمىزغا قۇتلۇقلاشلىرىمىزنى ۋە تەشەككۈرلىرىمىزنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. لېكىن بىر سەۋەب بىلەن قەدىمي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى تۈگىتىشكە تىرىشىشلار ناھايىتى پايدىسىزدۇر. قۇتلۇقلاشلار، هال سوراشلار يا ئىختىيارسىز، يا ئىختىيارى بولۇر.

ئىختىيارسىز هال سوراش تەشەككۈر بىلدۈرۈش ۋە ھېيتلاردا ھېيتلىغىلى بېرىش، بايرام قۇتلۇقلاشلىرى ۋە شادلىق كۈنلىرىدە تەبرىكلەش ياكى قايغۇلۇق كۈنلەردە بېرىپ، ھەمدەردلىك بىلدۈرۈشتۇر. ھېيت كەلگەندە، قايسىبىر كۈنى بولمىسۇن، يېقىنلارنىڭكىگە بېرىپ ھېيتلاپ كېلىش لازىمدۇر. خوتۇنلار ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ «خوتۇنلارنىڭ بايراملىرى 30 كۈندۇر» دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ھۇرۇنلۇق قىلماي، تېزدىن ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇق جەھەتتىن ئەۋزەل كۆرۈش كېرەك بولغانلىرىدىن باشلاپ تەرتىپ بىلەن تېز ھېيتلاپ، ئىشنى پۈتتۈرۈش ئەدەبۇ تەربىيىگە مۇۋاپىقتۇر. ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كۈنلىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى ۋە قېرىنداشلاردىن يېشى چوڭلارنى، باشقا كۈنلەردە يېقىن دوستلارنى ۋە قوشنىلارنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە بېرىلىدۇ. كۆڭۈل سورالغان دوستلاردىن ياكى تونۇش - بىلىشلەردىن بىرىنىڭ شادلىقى ياكى قايغۇسى بولسا، كىشى تەسىرلەنمەي قالمايدۇ ۋە ئۆزىگە تەسىر قىلغان شادلىق ياكى قايغۇنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نىكاھ ئەھدە قىلىنغاندا، مەرتىۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، مېدال ئالغاندا قۇتلاپ كېلىڭ، دوستلىرىڭىز سىزدىن مەمنۇن بولسۇن. ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرى ۋاپات بولغاندا قايغۇدا بولغانلارنىڭ ھاللىرىنى سوراشقا بېرىڭ، سىزگە قاتتىق كۆڭۈل قويىدۇ. دوستلار، يېقىنلار، قوشنىلار بىتاب بولغان ۋاقىتلاردا كۆپ قېتىملاپ ھاللىرىنى سوراپ تۇرۇڭ، بىمار سىزنى ياخشى كۆرسە ياكى سىزنى كۆرگىسى كەلگىنىنى بىلسىڭىز ئۇنىڭ ھالىنى سوراش ئۈچۈن بېرىش ئادەمگەرچىلىك، دىيانەتكە لازىم بولغان ئىشتۇر. قۇتلۇقلاشقا ياكى ھال سوراشقا بارغاندا ئاز ۋاقىتلا تۇرۇشقا دىققەت قىلىڭ. مەسىلەن، ھېيت، بايرام ۋە باشقا ئادەت بولغان قۇتلۇقلاشلاردا ئۆي ئىگىسى زورلاپ ئېلىپ قالمىسا، 20 مىنۇت ياكى يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرماسلىق كېرەك. دوستلار ياكى يېقىن كىشىلەرنى كۆرۈشكە بېرىشنىڭ ياكى مېھمانغا بېرىشنىڭ بەلگىلىك چېكى بولمىسىمۇ، كۆپىنچىسى بىر سائەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئـاشمىغىنى ياخشى. ئۇزاق ئولتۇرۇلسا سۆھبەت تۈگەپ، دۇرۇس
بىر سۆز تاپالماسلىق دەرىجىسگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ھا-
كىمنىڭ يۈزىدىن ۋە ھالىدىن زېرىككىشكە باشلىغىنى بىلىنسە
ياكى سائەتكە قاراپ - قاراپ قويسا، ئۆيدىن چىققىنىڭىز
خەيرلىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھالەت ئۇزى بارىدىغان يېرى
بارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان ھال بولغانلىقى ئۈستىگە، ھەددى-
دىن ئارتۇق ئولتۇرۇشىڭىز كېلىشمىگەن بىر ئىشتۇر (ئۆي ئىگە-
سىنىڭ كۆپ ئولتۇرغىنىدىن زېرىككىنى ئەسنەپ، ئۇيقۇسى كەل-
گەندەك سوزۇلۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بارماقلىرىنى ئويىنىشى-
دىن مەلۇم بولىدۇ). قۇتلۇقلاش ۋە ھال سوراشقا بارغان جايغا
باشقا كەلگۈچىلەر كەلگىنىنى كۆرە - كۆرمەي تېزدىن ئۇ يەردىن
كېتىشكە ھازىرلىنىش كېرەك. ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن كىشىنىڭ
كېتىشىنى كۈتۈش ئەسلا ياخشى ئەمەس. ئادەتتە قۇتلۇقلاشلار،
ھال سوراشلار ۋە تويلارغا بارغاندا 15 تىن كەم ياشتا بولغان بالى-
لارنى ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. قېرىنداشلار، دوستلار بىلەن كۆ-
رۈشۈش، ھال سوراش ياكى مېھمانغا بارغاندا ياش خوتۇن ياكى
ياش قىز ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئەدەپلىك بىر ھالدا بولۇشى
كېرەك. قولغا تايىنىپ ئولتۇرماسلىق، ئەگەر ئورۇندۇقتا ئولتۇر-
غان بولسا، ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىغا يۆلەنمەسلىك ۋە ھېچقاچان ئا-
ياغلىرىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئەدەپ بىلەن توغرا،
ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇش، خۇسۇسەن ئۇلۇغلار سۆزلەشكەندە ئارى-
غا سۆز قىستۇرماسلىق، ئۆزىدىن بىر نەرسە سورالمىغىچە سۆزلىمەس-
لىك كېرەك. سۆزلىگەندىمۇ ناھايىتى ئالدىرىماي ياكى قاتتىق ئا-
ۋازدا سۆزلىمەسلىك كېرەك. ئاڭلاشتىن ئارتۇق سۆزلەشكە، ئادەت-
تىن تاشقىرى كۆپ سۆزلەشكە ھەۋەس قىلىدىغان خوتۇنلارنىڭ ئا-
دىتىگە ئوخشاش، ھەممىسى سۆزلەپ، بىرىنىڭ سۆزىنى ئىككىنچى-
سى ئاڭلىماسلىققا ئوخشاش بىر ھالدا بولۇشتىن ھەم ئۆزلىرىنىڭ،
ھەم خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىش كېرەك.

مېھماندارچىلىق

مېھمان چاقىرغان ۋاقىتتا مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
ئۆي ئىگىسى ئائىلىنىڭ تاماقلارنى ۋاقتىدا پىشۇرۇپ، داستىخان
سېلىشنى خىزمەتچىلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھەر بىر مېھمانغا
دىققەت قىلىپ تۇرۇشى بىرىنچى بۇرچتۇر. ئۆي ئىگىسى ئايال
مېھمانلار كېلىشكە باشلىغان ۋاقىتقىچە ھەممە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ،
مېھمانلارنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ناھا-
يىتى خۇشال قىلىپ بىرگە ئولتۇرۇشى، ھېچقانداق ئىشنى كەينىگە
قالدۇرماسلىقى كېرەك. مېھمانلار كېلىپ بولغاندا ھېچقانداق بىر
نەرسىنى ئىزدەپ مەشغۇل بولۇپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن داستىخان
ناھايىتى مول بولسۇن، چۈنكى مېھمانلار كەلگەندە ئۆي ئىگىسى
ئايال مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولماي، باشقا بىر ئۆيدە بولۇشى-
دەك كۆڭۈلسىز ئىش يوقتۇر. ئۇنىڭ مېھمانلىرىنى قالدۇرۇپ
چىقىپ، ئاشخانىنى، قازناقنى، تائام تەييارلىنىۋاتقان خانىلارنى ئاي-
لىنىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈشىدەك خۇنۈك ئىش بولماس. ئەگەر ئۆ-
يىدە داستىخان سېلىشقا ۋە ئاش بېرىشكە ئۇستا خىزمەتچى ئايال-
لار بولمىسا، ئۆي ئىگىسى ئايال مېھمانلار كېلىشتىن ئىلگىرى
داستىخاننى تۈزۈشى ۋە تاماقنىڭ داستىخانغا قانداق تەرتىپتە ۋە
قايەرگە قويۇلىدىغانلىقىنى خىزمەت قىلغۇچى ئاياللارغا ئۆگىتىپ
قويۇشى ياكى بۇ ئىشلارغا ئۇستا بىر - ئىككى ئايالنى مېھماندار-
چىلىق كۈنلىرىدە ھەق بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كېلىشى لازىم.
ئىشلار تامام بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندىن
كېيىن، تاماقلىنىش ئۈچۈن شىرەگە ئولتۇرۇلغاندا ئۆي ئىگىسى ئا-
يالنىڭ ئىشى خاھ سۆھبەت ئارىسىدا، خاھ دەم ئېلىش ۋاقتىدا
بولسۇن، شېرىن سۆزلەر ۋە كۆپ خۇرسەنچىلىكلەر بىلەن مېھمان-
لارنىڭ، ھەر بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇلارنى خۇشال
قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئازراق بىر
نەرسىنىمۇ كەم قىلماسلىق كېرەك.

بەزى نازۇك ئادەتلەرنىڭ ئورۇنلىرى

ئىككى كىشى بىرگە يۈرگەن ۋاقىتتا ئوڭ تەرەپتە، ئەگەر
ئۈچ كىشى بولسا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مېڭىش ياخشىدۇر.
كوچىدا چوڭ بىر كىشى بىلەن ماڭغاندا قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ-
دىن بىر ئاز كەينىدىرەك مېڭىش كېرەكتۇر. كۆپچىلىك ئارىسىدا
بىر نەرسە يېيىش، كىم بولمىسۇن، قانداق نەرسە بولمىسۇن،
بارماق بىلەن تۇرتۇپ كۆرسىتىش ۋە يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرنى
كۆرۈش ئۈچۈن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراش تەربىيەسىزلىك بولغانلىق-
تىن، بۇ ئىشلارنى قىلىش ھېچقاچان دۇرۇس بولماس.

نەسلى، بايلىقى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ماختىنىش تەكەببۇر-
لۇقتۇر، ئۆيىگە مېھمان كېلىشنى بىلگەن ئۆي ئىگىسى خوتۇن يال-
تىراق زىننەتلەر بىلەن مېھمانلاردىن ئارتۇق بولۇۋالماسلىقى،
ئاددىي - سادىدا كىيىنىشى لازىمدۇر.

سالام خەتلەرنى دىققەت بىلەن يېزىش، ئويلاپ يېزىشقا
تىرىشىش ناھايىتى مۇھىم ئىشتۇر. تۆت قۇرلۇق ئاددىي بىر
مەكتۇپ قانداق ئوقۇپ، قانداق تەربىيە كۆرگىنىڭىزنى
كۆرسىتىدۇ ۋە ئويلىماي يېزىلغان بىر نەچچە سۆز سىزنى
ئەيىبلىك قىلىپ، ئابرۇيىڭىزنى چۈشۈرۈشكە يېتىدۇ. سۆز ھاۋاغا
ئوخشاشتۇر. لېكىن يېزىلسا يوقالماس. ئۆز نامىڭىزغا يېزىلمىغان
خەتلەرنى ئېچىش، ئىمزا قويماستىن خەت يېزىشمۇ ياخشى
ئەمەس. ئىمزاسىز، سىرلىق ھالدا خەت يېزىش نومۇسسىز،
ئۇياتسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. ھەر بىر ئانا قىزىغا ئەۋەتىلگەن
خەتلەرنى ئوقۇپ ياكى ئوقۇتۇپ، نېمە توغرىسىدا ئىكەنلىكىنى
بىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. ئەگەر سىزگە بىر نەچچە كىشىنىڭ



2009 . 3

يېنىدا خەت بېرىلسە، ئۇنى ئەسلا ئېچىپ ئوقۇماڭ، ئەگەر تېز جاۋاب بېرىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەھۋالدىلا، ئۇ خەتنى ئوقۇشقا رۇخسەت سوراڭ.

مېھمان بولۇپ دوستلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز ياكى ئۇلار تەرىپىدىن چاقىرىلسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىشىغا قارىشىپ بېرىڭ. «مېھمان بولساڭ، مۇلايىم بول» دېيىشكەن كونىلار. ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى خىزمەتكە قوشماڭ، سىزنى قويغان خانىلىرىدىكى ئورۇن ۋە باشقا ئەسۋابلارنى كىر قىلىشتىن، بۇزۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

ۋەسۋەسىلىك، غەمكىن، كېسەلمەن بولغان كىشىلەر مېھماندارچىلىققا بارماسلىقى كېرەك. چۈنكى بارغان بىلەنمۇ ھەم ئۆزىنى، ھەم باشقا مېھمانلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويىدۇ.

## سالامەتلىكنى ساقلاش تەدبىرى

سالامەتلىكنى ساقلاش تەدبىرى بىزنىڭ ساق ـ سالامەتلىكىمىزنى ساقلاشنى ئۆگەتكۈچى بىر ئىلىمدۇر. ئادەمگە چاپلاشقان ئاغرىقلارنى يوقىتىشتا مۇمكىنقەدەر خىزمەت قىلغان نەرسە ساغلاملىقنى ساقلاش تەدبىرىدۇر. تازىلىق ساق ـ سالامەتلىكنىڭ زۆرۈر بىر شەرتىدۇر. تازىلىقنىڭ قوراللىرى ئىككىدۇر: تاھارەت ۋە ھامام. يازدىكىدەك قىش كۈنلىرىمۇ بىزگە پەرز بولغان بەش ۋاقىت ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشتىن ھېچقاچان ئېرىنمەسلىك كېرەك. ھاۋا تېرىگە يېپىشىپ، ئۇنى كىرلەشتۈرۈپ تۇرغان چاڭ ـ غۇبارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن بەش ۋاقىت ناماز ئۈچۈن ئېلىنغان تاھارەت تېرىنى پاكىز تۇتۇشقا ھەم ئاللانىڭ ئەمرىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

تازىلىق ئۈچۈن ھامام ئەڭ ياخشى نەرسىدۇر. لېكىن ئۇنىڭدا يېرىم سائەت ياكى چارەك سائەت، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇلمىسۇن. بۇ توغرىسىدا ۋاننىغا چۈشۈشمۇ پايدىلىقتۇر. ۋانىدا يېرىم سائەتتىن ياكى چارەك كەم بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇش يارىمايدۇ. ئىسسىقلىقى 31 بىلەن 35 گرادۇستىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك. كىشى كېسەل ۋاقتىدا ۋاننىغا چۈشسە، ئىسسىقلىقى تېۋىپ تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك. يۇمشىتىش ئۈچۈن ۋاننىغا چۈشسە، نېپىز بوز خالتىنىڭ ئىچىگە بەش لىترچە يارما سېلىپ، ئىسسىق سۇنىڭ ئىچىگە قويۇلىدۇ. يارمىنىڭ خاسىيىتىنىڭ سۇغا ئۆتۈشى ئۈچۈن قول بىلەن خالتىنى سىقىشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۇ ۋاننىغا سېلىنىدۇ. ئاش سىڭمەستىن ئىلگىرى ھامامغا ياكى ۋاننىغا چۈشۈش يارىمايدۇ، تاماقلانغاندىن كېيىن ھېچبولمىغاندا ئۈچ سائەت ئۆتۈشى كېرەك. ۋاننىغا چۈشۈش كىچىك باللارنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر. ئۇلارنى ۋانىدىن كېيىن بىر قات كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ ياتقۇزۇش كېرەك. ۋاننىغا چۈشكەن ۋاقىتتا ئىسسىقلىقنىڭ دەرىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى مىنۇت پۇتلىرىنى سۇغا سېلىپ تۇرۇش كېرەك... ئاندىن ئاستا ۋاننىغا چۈشكەندە ياخشى بولىدۇ. ۋانىدىن چىققاندا، قۇرۇق ۋە ئىلگىرىكىدىن ئىسسىققا قويۇلغان لۆڭگە بىلەن ياخشى سۈرتىلىش، ئاندىن يۇڭ ياكى ماھۇق چايشاپقا ئورۇنۇۋېلىش كېرەك.

باش ئاغرىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن پۇت 15 مىنۇت ئىسسىق سۇغا سېلىپ تۇرۇلىدۇ. پۇتلار ئىسسىققا كۆنۈۋالغاندا، يەنە خالىغانچە ئىسسىق سۇ قويىسىز. ئاياغ ۋاننىسىغا 500 گرام ئاددىي تۇز سېلىش مۇمكىن.

ياڭاقچىلىق سۇدانى بىر لىتر ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ، بۇ سۇ بىلەن باش يۇيۇلسا، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇنداق يۇيۇش يالغۇز باشنى پاكىز تۇتۇشقىلا ئەمەس، چاچلارنى يۇمشىتىش ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولىدۇ. چاچلار ھەر كۈنى تارىلىپ ئورۇلۇشى كېرەك.

## بەش سەزگۈنىڭ ساقلىقنى ساقلاش

بەش ئەزانىڭ ساقلىقى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى توختىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ تۇرغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

تەم بىلىش سەزگۈسىنىڭ ئورنى ئېغىزنىڭ ئىچىدىدۇركى، بۇنىڭ ياردىمى بىلەن تىل ھەر تۈرلۈك تەمنى ناھايىتى ئارتۇق سېزىش خاسىيىتىگە ئىگىدۇر. بۇ سېزىش بىزگە ئاش بولۇشقا خىزمەت قىلغان نەرسىلەرنىڭ خاسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چىشلار يېيىلگەن نەرسىلەرنى سىڭدۈرەرلىك قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان قوراللارنىڭ ئەڭ بىرىنچىسىدۇر. ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن چەكسىز تىرىشىش كېرەك. ئەتىگەن ۋە كەچتە تاماق يېگەندىن كېيىن ئېغىزنى چايقاش، چىشنى چىش چوتكىسى بىلەن تازىلاش كېرەك. چىشلارنى بۇزۇش ئېھتىمالى بولغان سۇ ۋە پاراشوكلارنى تۇتۇشتىن ساقلىنىش لازىمدۇر.

## چىش ئاغرىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرى

چىشلار ئاچچىق ياكى قاتتىق سوغۇق بىلەن ئىسسىق نەرسىلەرنىڭ ئېغىزغا ئېلىنىشى بىلەن بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قايناق نەرسە يېيىشتىن، ناھايىتى سوغۇق نەرسىلەر ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ھىد بىلەن تۇرغان قۇۋۋەتنىڭ ئورنى بۇرۇن تۆشۈكلىرىدۇركى، بۇ ئاش سىڭدۈرۈپ تۇرغان ئەزانىڭ يۇقىرى تەرىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىدى يامان ئاش كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرۈپ، تەستە سىڭىدۇ. سېزىش ئەزاسى تۈرلۈك ھىدلارنى ناھايىتى تېز سېزىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى ئوراپ تۇرغان تېرە

www.uyghurkitap.com



كاردىن چىقسا، ھەد سىيرىش يوقىلىدۇ. بۇرۇنغا دورا پۈركۈتسىمۇ ھەد سىيرىشنى يوقىتىدۇ.

### ئاڭلاش ئىقتىدارى

قۇلاقنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تازىلاش ۋە پاكىز تۇتۇش كېرەك. ئاڭلاشقا كېرەكلىك بولغان بۇ قورال ئەڭ نازۇك بولغان ئەزالارنىڭ بىرىدۇر. قۇلاقلارنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى يۇيۇش ۋە بوزگە ئورالغان قۇلاق كولىغۇچ بىلەن قۇلاق پەردىسىگە تەگكۈزمەي، ئىچىنى ناھايىتى ئىرىشىپ تازىلاش كېرەك. ئەگەر تازىلاپ تۇرۇلمىسا، قۇلاق كىرى دەپ ئاتىلىدىغان سېرىق نەرسە كۆپىيىپ، ئاڭلاشقا خاس بولغان تۆشۈكنى ئېتىپ قويىدۇ.

### كۆرۈش قۇۋۋىتى

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەزاسى كۆزدۇر. بۇمۇ ناھايىتى نازۇك ئەزادۇر. كۆز ھەددىدىن ئارتۇق يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن، تەۋرىنىپ تۇرغان يالتىراق نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن زەخىمگە ئۇچرايدۇ ۋە ئاغرىيدۇ. كۆزگە ئەڭ ياخشى داۋا كۆزنىڭ ئارام ئېلىشىدۇر. قىزارغىنىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆزلەر ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلۇشى كېرەك. ئەگەر كۆزلەر خەت يېزىشقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىشتىن ئاغرىغان بولسا، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ بېرىش كېرەك.

قۇۋۋەتى لامىسە (تۇتۇپ سېزىش قۇۋۋىتى) تۇتقان نەرسىنى سېزىش، تەنىنىڭ سېزىشى تېرىنىڭ ھەر بىر يېرىدە ھۆكمىنى يۈرگۈزسىمۇ، كۆپرەك سېزىپ تۇرغىنى يەنىلا پۇت ۋە قوللاردۇر. بۇلاردىكى بارماقلار سېزىم بابىدا ئەڭ سالاھىيەتلىك قوراللاردۇر. پۇتلار، قوللار بەش ۋاقىت تاھارەت ئېلىنغاندا يۇيۇلغىنىدەك، قوللار ئىشتىن كېيىن ياكى چاڭ، كىر نەرسىلەرنى تۇتقاندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى يۇيۇلۇشى كېرەك. قول - پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش، ئۆستۈرمەسلىك لازىم.

### تەن ھەرىكىتى

تەن ھەرىكىتىنىڭ تىرىكلىك ئۈچۈن ئادەمگە نەقەدەر كېرەكلىكى مەلۇمدۇر. بالىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان قورال ھەرىكەتتۇر. بالىلار ئوينىغان ۋاقىتتا تېنى سىلكىنىدۇ. قانلىرى غايەت تېز ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۆپكىسى كېڭىيىدۇ، تاماق يېگۈسى كېلىدۇ، تاماقلىرى ئاسان سىڭىدۇ. مېڭىش، يۈگۈرۈش، پىيادە ئۇزاق مېڭىش، ئارغامچا ئۈچۈش، ئويناشقا ئوخشاش نەرسىلەر كۆپرەك ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاشقىرىغا ئازراق چىقىپ تۇرغان كىشىلەرگە ساغلاملىقنى ساقلاش ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىنغان پايدىلىق تەن ھەرىكەتلىرىدىن سانىلىدۇ. بالا ئويناپ، يۈگۈرۈپ پاراڭلىشىش ئارىسىدىكى دەم ئېلىشتىن لەززەتلىنىدۇ.

ئاسان سىڭىشى ئۈچۈن تاماقلار تامامەن بىر نىزام بىلەن يېيىلىشى كېرەك. تاماقلىنىش ئارىلىقى بەك ئۇزاقمۇ، بەك قىسقىمۇ بولمىسۇن. ئىككى قېتىملىق تاماقلىنىش ئارىسىدا تۆت سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈشى كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقلىنىش يەتسىمۇ، قېرىلار بىلەن بالىلار كۈندە تۆت، ھەتتا بەش قېتىم تاماقلىنىشى كېرەك. لېكىن يەڭگىل تاماقلار بولۇشى لازىم. ئۇيقۇ ھەركىم ئۈچۈن زۆرۈر، بۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ياخشى بولمىغىنىدەك، ئىختىيارىمۇ ئەمەستۇر. ئۇيقۇ ئۇخلىماسلىقتىن بولغان راھەتسىزلىكلەرنى تۈزىتىدۇ. پەقەت بەدەنگىلا ئەمەس ئەقىلگە، زېھنىگىمۇ راھەت بېرىدۇ. ئەزالارنى يەڭگىل قىلىپ، زېھنىنى ئۆتكۈر قىلىدۇ، ئىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇيقۇ كۆپمۇ، ئازمۇ بولماسلىقى كېرەك. ئادەتتە كۆپ ئۇخلىغان كىشلەرنىڭ تەنلىرىدە ھەر ۋاقىت بىر ئېغىرلىق، زېھنلىرىدە پاراسەتسىزلىك بولىدۇ. ساغلاملىقنى ساقلاش ئۇيقۇ ئۈچۈن شۇ قائىدىلەرنى تۈزۈپ بەرگەن. بىرىنچى، سالامەت بولغان ئادەملەر ئۈچۈن يەتتە ياكى سەككىز سائەت، كېسەلدىن يېڭى تۇرغانلار، سالامەتلىكى ناچار بولغانلار، كېسەللەر ئۈچۈن توققۇز سائەت، بالىلار ئۈچۈن ئون سائەت يېتەرلىك. غەرب مەملىكەتلىرىدە، ئىسسىق مەملىكەتلەردە ياز كۈنى چۈشتە، ئىسسىق ۋاقىتلاردا چارباغلاردا ئۇخلاش ناھايىتى پايدىلىقتۇر؛ ئىككىنچى، تاماقلىنىپ ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يېتىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىش لازىم، سول تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى سول تەرەپنى بېسىپ ياتقاندا تولا چاغلاردا قارا بېسىپ قالىدۇ؛ تۆتىنچى، بىر كىشىنى، كۆپ چاغلاردا بالىلارنى توساتتىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىش تەدبىرسىزلىكتۇر، چۈنكى شۇ سەۋەبتىن بىرەر نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولىدۇ؛ بەشىنچى، ئەگەر كارىۋاتقا پەردە تۇتۇلغان بولسا، ياتقان ۋاقىتتا ئۇنى ئېلىۋېتىش كېرەك؛ ئالتىنچى، كېچىدە دېرىزىلەرنى ئېچىپ ياتماسلىق كېرەك؛ يەتتىنچى، ئۇخلايدىغان خانىدە گۈل - چېچەكلەر بولماسلىقى لازىم. ھەر تۈرلۈك پۇراقلارنى خانىدىن چىقىرىش ئۈچۈن كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇخلاي دەپ تۇرغاندا خانىنىڭ دېرىزىلىرىنى، ئىشىكنى؛ قىش بولسا، كىچىك دېرىزىلەرنى، ئىشكنى ئېچىپ ھاۋاسىنى يېڭىلاش كېرەك. ئەگەر خانە ھاۋا كىرىپ تۇرىدىغان ئورۇندا بولماي، ھاۋاسىنى يېڭىلاش مۇمكىن بولمىسا، دېرىزىلەرنى ئېچىپ، قولغا بىر لۆڭگە ئېلىپ، خانىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئۇنى سىلكىتىپ، بۇزۇق ھاۋانى چىقىرىۋېتىش كېرەك.

### ساغلاملىق ئۈچۈن ئۆگۈتلەر

تەرلىگەن ۋاقىتتا بەك سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك كېرەك.

بەك ئىسسىپ تۇرغان خاندە ئولتۇرمالى. سىمونتلانغان يەرلەردە ياتمالى. خىش، دەرۋازا تۈۋىدە ئولتۇرمالى، چۈنكى ئۇ يەردە خەتەرلىك شامال چىقىدۇ. قىش كۈنلىرى تېنىڭىزنى سوغۇقتىن ساقلاپ، سوغۇق ئۆتمەسلىككە تىرىشىڭ. ئوچۇق يەردە ئۇخلاپ قالماڭ. ياز كۈنلىرى كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا يالاڭباش يۈرمەڭ. كوچىدا تونۇمىغان ئىنتى قورقۇتماقچى بولماڭ. تېپىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغاچقا، ئاتنىڭ يېنىدىن ئۆتمەڭ، سوقۇۋېتىش ئېھتىمالى بولغاچقا، هارۋىنىڭ ئارقىدىن ئۆتمەڭ. خاھ كوچىغا، خاھ يول چەتلىرىگە ئەينەك سۇنۇقلىرى، ئاپېلسىن، ئالما شۆپەكلىرى، كىشلەر يول ماڭغاندا تېيىلدۇرۇپ يىقىتىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى تاشلىماڭ. كوچىدا ماڭغاندا ئوڭ تەرەپتىن، ئۆيلەرنىڭ ياكى دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن مېڭىڭ. بۇ هال سىزنى قارشى تەرەپتىن كەلگۈچىلەرگە ئۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. چاقماق چاققان ۋاقىتتا دەرەخلەر ئاستىدا ۋە چوڭ بىنالار تېگىدە تۇرماڭ، هۆل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئوچۇق يەردە تۇرۇڭ، چۈنكى هۆل كىيىملەرگە يامغۇر چۈشمەيدۇ. بىر بىنا مەدەنلەر نەرسىلىرى (تۆمۈرگە ئوخشاش) يېنىدا تۇرۇشتىن ساقلىنىڭ. چاقماق چاققىنىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلانسىمۇ قورقماڭ.

### ئېھتىياتسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر

بىر نەچچە كېسەللىكلەر باردۇركى، ئۇلارنى ئېھتىياتسىزلىقىمىزدىن ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. ئەگەر ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، تېنىمىزنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىساق، ئۇنىڭغا كۆتۈرەلمىگۈدەك ئىش يۈكلىمىسەك، مۇمكىن قەدەر بىر نەچچە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرگەن- بىلگەن بىر نەچچە ۋەقەلەرنى يېزىشنى زۆرۈر دەپ بىلىمىز.

ئىيۇل ئېيىدا ئەپەندىلەردىن بىرى ئۆزى تۇغۇلغان يېزىغا بېرىش ئۈچۈن پويىزغا ئۇلگۈرمەكچى بولۇپ، بىر ئاز ئالدىراپ مېڭىپتۇ ۋە ئىستانسىغا تەرلەپ - پىشىپ يېتىپ كەپتۇ. پويىزنىڭ ماڭىدىغىنىغا خېلى ۋاقىت بارلىقنى بىلىپ، يېقىن بىر يەردە ئولتۇرۇپ مۇزقايماق ئېلىپ يەپتۇ. تۇساتتىن ئاغرىشقا باشلاپ، بىچارىنىڭ بىرىپ بىلەت ئېلىشقىمۇ مادارى قالماپتۇ ۋە يېنىدىكى ئادەملەردىن بىر هارۋا بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ.

هوسۇل ۋاقىتلىرىدا غەللە ئىگىلىرىنىڭ بىر كۈنىمۇ زار بولغانلىرىمۇ كۆرۈندۇ. ئىشچىلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ بىر كۈن ئالدىراش ئىشلىگەن ۋاقىتتا كۆپ سوغۇق سۇ ئىچكەندىن ناھايىتى ئېغىر ئاغرىپ قالغانلىقى ۋە بۇلاردىن بىرىدە ۋابا ئالامەتلىرىنىڭ زاهىر بولغىنى بىلىندۇ.

بەدەن تەرلىگەن ۋاقىتتا سوغۇق سۇ ئىچىش ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. سوغۇق نەرسىلەر ئۆپكىگە قان تولۇپ ئېلىشقا، قان تۇكۇرۇشكە، ئاشقازان سانجىقنى ۋە قايسىبىر ۋاقىتتا ۋاباغا ئوخشىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاتا- بوۋىلىرىمىز: «سوغۇقتا سۇ ئىچمە، جىن ئۇرىدۇ» دەپ قاغىغانلىرى شۇنداق ئاپەتلەردىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇنداق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇغا بىر ئاز شېكەر، بىر نەچچە تامچە قەھۋە، لىمون سۈيى ياكى سىركىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى قوشۇش كېرەك. سوغۇق نەرسىلەرنى ئاستا - ئاستا ئىچىش، يۇتۇشتىن ئىلگىرى ئېغىزدا مۇمكىن قەدەر ئۇزاقراق تۇرغۇزۇش ئاقىللىقتۇر.

يازنىڭ بىر گۈزەل كۈنىدە بىر ياش ئادەم قاتتىق ئىشلىگەچكە تەرلىگەنىكەن. بىر ئاز سالقىنداش ئۈچۈن جىلغىغا چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئىككى سائەتچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغانغان ۋاقتىدا چىشلىرى كىرىشىپ، چىرايى بىر يامان هالەتكە كىرىپ قاپتۇ. بىچارىنىڭ جىلغىدا ئۇخلاپ قېلىشى رېماتىزىم كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. 18 ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرەك كېسەللىكى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولغان.

تەرلىگەن پېتىچە سالقىنداش ئۈچۈن ئۈستىدىن كىيىمنى يېشىش، شامال ئۇرۇپ تۇرغان يەرلەردە تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇش، قول - پۇتلارنى سوغۇق سۇغا تىقىش ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. بۇنداق قىلغاندا ئۆپكىنىڭ ياللۇغلىنىشى، كۆكرەك شامالداپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، هەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ۋابانىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. قاتتىق شامالداپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن تەرلىگەن ۋاقىتتا كۆڭلەك ئالماشتۇرۇش، هېچ بولمىسا، بىر ئاز مېڭىپ هەرىكەت قىلىش بىر ئاز ياخشىدۇر.

بىر كۈنى سەككىز ياشلىق بىر بالىنىڭ ۋاپات بولغىنىنىڭ قايغۇلۇق خەۋىرى تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا سەۋەب بولغىنى، بەدبەخ ئانىسىنىڭ بىر مىس كورىدا گۆش پىشۇرۇپ، ئۇنى باشقا بىر قاچىغا يۆتكىمەي، سوۋۇشى ئۈچۈن ئاشۇ كورىنىڭ ئۈستىدە قالدۇرغىنىدۇر. كەچ بولغاندا، ئاشۇ گۆشنى يېگەن كىشىلەرنىڭ هەممىسى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپتۇ، بۇلار ئىچىدە ياش جەھەتتىن ئەڭ كىچىكى بولغان بالىنىڭ ۋاپات بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان. مىس ئادەمگە زىيان قىلىدىغان مەدەن بولمىسىمۇ، ئوكسىگېن ياكى ئاچچىق نەرسە ۋە سىركە بىلەن ئۇچرىشا - ئۇچراشمايلا بىر خىل زەھەرلىك تۇز هاسىل بولۇپ، ئۆلتۈرىدىغان زەھەرگە ئايلىنىدىكەن. هەر كۈنى مۇرابىا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايناتقۇچىلارنىڭ بىر نەچچە چوڭ ـ كىچىك كورىلاردا شىكەر ۋە قىيام قايناتقانلىقىنى، ئاشپەزلەرنىڭ گۆش ۋە تاماق پىشۇرغانلىقىنى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچكىمگە زىيان قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نىمە ئۈچۈن؟! بۇ شۈبھىسىز ئۇلارنى پىشقان ۋاقتىدىلا ئۇ كورىلاردىن باشقا قاچىلارغا ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر تاماقلارنى سوۋۇغىچە مىس كورىدا تۇرغۇزسا، ئۇنىڭ زەھەرگە ئايلىنىشى شۈبھىسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مىس قازانلاردا سوۋۇغىچە ھېچنەرسە قالدۇرماسلىق ۋە بۇنداق قاچىلاردا تۇرغان سۇلارنى زادىلا ئىچمەسلىككە ئاھتلىنىش كېرەك. ئەگەر مىس قازانلار قەلەي يالىتىلىپ ئاقارتىلسا، ئىچىدە قېلىپ سوۋۇغان ئاشلار زەھەرلىنىپ قالمايدۇ. مىس قازانلارنىڭ قەلىيى ئۇپرىغاندا يېڭىدىن قەلەي يالىتىش كېرەك.

كازىم ئىسىملىك بىر كىچىك بالا ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ قورقۇنچاق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇلۇت ئارىسىدىن چاقنىغان چاقماققا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىدۇ. شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرمەي قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. كۆزىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ۋە ھەتتا پۈتۈنلەي كور بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن باللارنىڭ كۈنگىمۇ، چاقماققىمۇ تىكىلىپ قاراشتىن ئۆزلىرىنى ساقلىشى ۋاجىپتۇر.

يەنە ئېھتىياتسىزلىقلاردىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر. ھەلىمە خانىم ئاخىرقى ياز ئايلىرىنىڭ ئىسسىق بىر كۈنىدە ئۈستىگە يازلىق كىيىملىرىدىن ناھايىتى نېپىز بىر قۇر كىيىم كىيگەن ھالدا ساۋاقداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. كەچقۇرۇن قايتىدىغان ۋاقتىدا ھاۋا بۇزۇلۇپ، سوغۇق ئىزغىرىن شامال چىقىپ تۇرغاچقا، تىترىگەن ھالدا ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۆيگە كېلىپلا يېتىۋالىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئېغىر ئاغرىپ قېلىپ بىر ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ.

كىيىلگەن كىيىملەر شۇ ۋاقتىنىڭ ھاۋاسىغا ماسلاشقان ھالدا كىيىلىشى كېرەك. بۇ كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇش ئاستا ـ ئاستا بولىدىغان بولۇپ، بىراقلا ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا سوغۇق ھاۋادىن سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلايلىكى، نەملىك، سوغۇق ھاۋا بوغۇم كېسەللىكى، شامالدارىش، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى ۋە ھەتتا بەل ئاغرىقلىرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. ھاۋاسى ياخشى يېڭىلانمايدىغان، زەي ۋە ھىم ئۆيلەردە ياشاش تۇتقاق ۋە ۋابا كېسەللىكلىرىنىڭ تارقىلىشىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

مەلىخە خانىم ئېگىز بويلۇق، ساغلام بىر ياش قىز تۇرۇپ، بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا باشقىچە بىر پىكىردە ئىدى. ئۇ بەدىنىنىڭ زىلۋا، ئەۋرىشىم بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن مەلىخە خانىم بانداشنى شۇ قەدەر قىسىپ چىڭ باغلايتتىكى، قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى. بۇنداق قىلىشنىڭ نىمە پايدىسى بار؟ ئاش سىڭدۈرۈپ تۇرغان قۇۋۋەت ئاسانلىقچە خىزمىتىنى قىلالمىسا، باش ئاغرىقىدىن ۋە نەپەس قىسىلىشتىن زارلانسا، ئۆپكىگە تەسىر قىلىپ، بىر كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن قورقىدۇ. بانداش ئىشلىتىپ كۆكرەك سۆڭەكلىرىنى، ئاشقازاننىڭ بوش ئورنىنى قىسسا بولمايدۇ ۋە كۆكرەكنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر ناھايىتى تار بانداش باغلىسا، ئۆپكە بىلەن يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئىككى كېرەكلىك ئەزا ئۈچۈن كېسەللىك تەييار بولۇپ تۇرغان بولىدۇ.

گۈل خانىم باغقا كىرە ـ كىرمەيلا ئاۋۋال مېۋىلەرنىڭ قايسى دەرەختە كۆپرەك بولغانلىقىنى تېپىپ، ئاچكۆز كىشىدەك شۇ ياققا ئۇچۇپ باراتتى ۋە ئۇلاردىن تويغىچە يەيتتى. بۇمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كېسەللىكنىڭ باشلانمىسىدۇر.

بىر تېۋىپنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، نەپەس ئېلىش يېمەك يېيىش دېگەنلىك بولۇپ، ھاۋا نەپەسنىڭ نېنىدۇر. پەقەت بىرلا پەرقى باركى، ئۇ ناننى يېيىش ئورنىغا نەپەس ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھاۋانىڭ كۈندە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يېگەن نېنىمىزدىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ قېنىمىزنى ساقلىشىدۇر.

ھاۋا كېمەيسە، رىزقىنىڭ كېمىيىشى ئۈچۈن ئۆلۈم تېزلىشۇر. ھاۋا زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن بۇزۇلسا، ئەڭ تاللانغان ياخشى يېمەكلىكلەر يېگەن بولسىمۇ، قان بۇزۇلىدۇ، تۈسى ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يېزىلارنىڭ ساپ بولغان ھاۋاسى ھەرقانداق يەپ تۇرغان نەرسىلەر ناچار بولسىمۇ، يېزا خەلقىنى ساق ـ سالامەت ساقلايدۇ.

قۇياش نۇرى ئاستىدا سايىۋەنسىز كۆپ ۋاقىت يۈرۈلسە، كۈن ئۇرۇشتىن ھاسىل بولغان قان ئۇيۇشۇش پەيدا بولۇپ، ئېغىر كېسەللىككە مۇپتىلا قىلىدۇ.

پويىزدا ماڭغان ۋاقىتتا ئوچۇق دېرىزىلەردىن باشنى چىقارغاندا، ئەتىسى چىش، قۇلاق ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

قىشنىڭ قار ـ يامغۇرلۇق كۈنلىرىدە پۈتنى ئىسسىق تۇتۇپ تۇرىدىغان ئاياغ كىيىم كىيىلسىمۇ، كوچىدا بىر نەچچە سائەت يۈرۈپ، پۇتلار ھۆل بولۇپ توڭلىسا، ناھايىتى قاتتىق گال ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاچچىق تاماق ۋە سىركە كۆپ قويۇلغان سالات يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىيدۇ ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئارتىپ تۇرغان تاماق سىڭمەسلىكتىن زارلىنىدۇ.

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ) (تۈگىدى)



# «قىزىل بۆك» نى روھىي ئانالىز ئىلمى بويىچە چۈشەندۈرۈش

ئالان دوندېس (ئامېرىكا)

خەلقئارادىكى مەشھۇر فولكلورشۇناس، ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئالان دوندېس ئەپەندى 1934-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى نيۇيورك شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 2005-يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈنى 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. پروفېسسور ئالان دوندېس ھازىرقى زامانىمىزدىكى خەلقئارا فولكلور ئىلمى ۋە خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات ساھەسىدىكى يادroluq شەخسلەرنىڭ بىرى. ئالان دوندېس 1955-يىلدىن 1958-يىلغىچە يېلو ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋرلىق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1962-يىلى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا فولكلور ئىلمى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1980-يىلى ئامېرىكا فولكلور ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي قوشۇمچە خەلقئارا ئىپىك ئەسەرلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ تەتقىقاتتا خەلق ئەدەبىياتى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتى، مېتودولوگىيە، سىمۋولىزملىق تەتقىقات، فولكلوردىكى روھ ئانالىز تەتقىقاتى، شەھەر ئۆرپ-ئادەتلىرى، ماقال-تەمسىللىرى، چاقچاقلىرى، شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ چۆچەك ۋە بالىلار چۆچەكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 200 دىن ئارتۇق ئىلمي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. ئامېرىكا، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، ھىندىستان، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە 33 پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان. 2005-يىلى جۇڭگو فولكلور ئىلمي جەمئىيىتى تەرىپىدىن فولكلور ئىلمىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقۇچى مۇكاپاتىغا نائىل بولغان.

دانىيە فولكلور ئىلمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ئاكسېل.
ئولرىك(Axel Olrik) 1894 ـ يىلى «قىزىل بۆك»ناملىق ماقالە-
سىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە تەيلورنىڭ سېلىشتۇرما تەت-
قىقات ئۇسۇلىنى چىقىش قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار يېتۈپ كېتىدىغان
ھەر خىل بايانىي مىساللارنى توپلاپ، غەلتە ھايۋاننىڭ ئۆلۈمنىڭ
ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ خۇلا-
سىلەپ بۇنداق چۆچەكلەر ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ كۈرىشىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن
باش قەھرىماننىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشىنى ئوبرازلىق قىلىپ «-
يورۇقلۇق» ۋە «قۇياش»قا باغلىغىلى بولىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە
«قاراڭغۇلۇق» ۋە «كېچە» بىلەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ، دەيدۇ.
ئەمما ئولرىكنىڭ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشى كەسپىدىشى دانى.
خولست (Dane.Holst)نىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى. دانى .
خولست بۇ چۆچەكلەردىكى غەلتە ھايۋان ئادىل بولمىغان سىيا-
سي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا ئىپادىلىنىپ چىققان مەنىۋى
ۋە ماددىي جەھەتتىكى زۇلۇمنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايدۇ. 1895 ـ
يىلىدىكى بۇ رەددىيىنى فولكلور ماتېرىياللىرىغا نىسبەتەن بېرىل-
گەن دەسلەپكى ماركسىزملىق چۈشەنچە دېيىشكە بولاتتى. ئولرىك
خولستقا رەددىيە بېرىپ، بۇ خىل ئىستىئارە شەكلىدىكى چۈشەندۈ-
رۈشكە قەتئىي قارشى تۇردى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈش-
نىڭ ئىستىئارە ئىكەنلىكىنىمۇ قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى.

قىزىل بۆك ھەققىدىكى مۇراسىم خاراكتېرلىك ياكى ئەپسانە
ـ مۇراسىم خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلەرمۇ ئىككى خىل. بىرىنچى
خىلدىكىلەر بۇ چۆچەك باھارنىڭ قىش ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلى-
كىدەك پەسىل مۇراسىمىنى تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ،
دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ خىل كالېندار ئۆرۈشى چۈشەنچە-
سىنى سايىنتىۋېس(Saintyves) ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردىكى
قىزىل بۆك قىش بۆرىسىنىڭ قورسىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققان باھار
(ياكى ماي ئېيى). بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ ئولرىكنىڭ ھاياتلىق
بىلەن ئۆلۈمنىڭ كۈرىشى دېگەن چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاز ـ تولا
ئوخشاشلىقى بار. ئىككىنچى خىل مۇراسىم خاراكتېرلىك چۈشەندۈ-
رۈش بولسا، بۇ بالىلار چۆچىكى ياشلىق مەزگىلىدىكى بالاغەتكە
يېتىش مۇراسىمىنىڭ قالدۇقى ياكى ئىنكاسى دەپ قاراشتىن ئىبا-
رەت. مەسىلەن، ۋىلادىمىر. پېروپ 1946 ـ يىلى يازغان «بالىلار
چۆچەكلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى» ناملىق ئەسىرىدە، بۇ بالىلار
چۆچىكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى دەسلەپكى ئانىلىق
ئۇرۇقداشلىق مەدەنىيىتى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قاراي-
دۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى مۇراسىم خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشنىڭ
مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بىر
قىزچاق بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆيىدىن ئايرىلىپ، تۇنجى قېتىملىق
ئادەتنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى (بولۇپمۇ
ھوقۇق بەرگۈچى مەلۇم ئادەمنى ياكى شۇ ئادەمنىڭ تۇرالغۇسىنى
تازىلاش ۋەزىپىسى) ئورۇنداپ، ئەڭ ئاخىرىدا توي قىلىدۇ، بۇ
پىشىپ يېتىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

قىزىل بۆك ھەققىدىكى مۇراسىم خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش-
لەر كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايماي داۋاملاشتى. گلاۋكو. كارلونى(
Glauco Carloni)1963ـ يىلى ئېلان قىلغان «روھىي ئانالىز نە-
زەرىدىكى قىزىل بۆك» ناملىق ماقالىسىدە سايىنتىۋېس ۋە پېروپ-
نىڭ مۇراسىم نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا، مۇراسىم ۋە روھىي ئانالىز
تەتقىقات ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ قىزىل بۆكنى تەتقىق قىلدى.
ئوخشاشلا ئانسېلمو.كالۋېتتى(Anselmo Calvetti) 1980 ـ يىلى
ئېلان قىلغان «قىزىل بۆك ۋە ئۈچ غاز بالىلار چۆچىكىدىكى ئۆت-
كۈنچى مۇراسىم ئىزنالىرى» ناملىق ماقالىسىدە، پېروپ ۋە لېۋ.
ستراﺋﯘسنىڭ نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلىنىپلا قالماستىن، يەنە پان.
گېناپۇنىڭ ئۆتكۈنچى مۇراسىم نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلىنىپ، قىزىل
بۆكنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىشىنى بىر خىل ئايرىلىش مۇراسىمى،
ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى ۋاقتى بولسا بىر چېگرا ياكى بوسۇغىنىڭ چې-
كىدە تۇرغان مەزگىلى، مومىسىنىڭ ئۆيىدە بۆرە تەرىپىدىن يەپ
كېتىلگىنى بولسا ئۇنىڭ ياش قۇرامىغا يېتىش سىنىقى، ئۇنىڭ بۆرى-
نىڭ قورسىقىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان ۋاقتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئا-
خىرىدا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشى ياكى قايتىدىن جەمئىيەت تەرىپە-
دىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر دەپ قارىدى. يۋوننې
ۋېردېر(Yvonne Vedier) 1978 ـ يىلى يازغان «ئاغزاكى ئەنئە-
نىلەردىكى قىزىل بۆك» ناملىق ماقالىسى (1980 ـ يىلى بىر ئاز
ئۆزگەرتىلگەن ھالدا ئېلان قىلىنغان)دا يەنىلا بىر خىل مۇراسىم
ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، «قىزىل
بۆك مومىسىنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقتىدا بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمىنىڭ
بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلەندى... ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشى
ئۆلۈم، ئۇنىڭ ئايرىلىشى ھاياتلىق... قىزچاق ئۆزىنىڭ ئاياللىق
كەلگۈسىگە يېتەكلەندى» دەپ قارىدى.

قىزىل بۆك توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر زادىلا توختاپ
قالمىدى. مارىئاننا. رامپ (Marianne Runmpf) 1951 ـ يىلى
يازغان «قىزىل بۆك چۆچىكى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»
ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىدە مەزكۇر چۆچەكنىڭ پەقەت
40 پارچە ۋارىيانتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا ئولرىك بىلەن سايىنتى-
ۋېسنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك تىرىشچانلىقلىرىنى ئىنكار
قىلىپ، بۇ چۆچەك پەقەتلا نەسىھەت قىلىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش
چۆچىكىدۇر دەپ قارىدى. بۇنداق فۇنكسىيىلىك تەتقىقاتقا ئاساس-

لانغاندا، بۇ چۆچەكنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنى ياش قىزچاقلارنى ئۆيىدىن چىقماسلىققا ۋە خەتەرلىك ئورمانلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۆي «مەدەنىيەت»نىڭ ۋەكىلى، ئورمانلىق تەبىئەتتىن ئىبارەت تاشقى دۇنيانىڭ ۋەكىلى.

ن. گلاس (N.Glas)نىڭ ئەڭ دەسلەپ 1947 - يىلى نەشر قىلىنغان قىزىل بۆك ھەققىدىكى بىر چۈشەندۈرۈشىدىن بىز: «ئاكا - ئۇكا گرىملار توپلىغان بالىلار چۆچەكلىرى بولسا ئىنسانىيەت روھىيىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كارتىنىسى... پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى دەۋردە كىشىلەرنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىنى شەھەر، بازارلاردا ئۆتكۈزۈشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ماشىنىلىشىشى نەتىجىسىدە، روھ ۋە مەنىۋىيەتتىكى يوشۇرۇن قايناق ھاياجاننى بارغانسېرى تەستە چۈشىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى»نى بىلەلەيمىز. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولسا، قىزىل بۆكنىڭ مومىسى «كېسەلچان، ئاجىز، كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج» ياشانغان ئايال. قىزىل بۆك «بولكا ۋە ھاراق» ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. «خرىستىئان دىنى چېركاۋلىرىدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپەت بېرىش شەكلى ھەممىگە ئايان، مۇقەددەس تاماق بولغاندىلا ئاغرىقنىمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ». ئۇۋۇچى بولسا ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىشارىتى (بۇنى ساپ زېھنىي جەھەتتىكى ئەقىللىك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىمەسلىك كېرەك). ئۇنىڭ يەنە بىر چۈشەنچىسىدە، ئۇۋۇچى كىشىلەرگە مۇقەددەس روھنى ئەسلىتەرمىش. ئەڭ ئاخىرىدا، موماي «پېچىنە، بولكىلارنى يەيدۇ، ھاراقنى ئىچىدۇ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مۇقەددەس زىياپەتنى قوبۇل قىلىدۇ». گلاس خۇلاسىلەپ: «‹قىزىل بۆك›تىن ئىبارەت بۇ بالىلار چۆچىكى شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئېسىل شەكىل بىلەن ئىنسان روھىنىڭ بۆرىنىڭ ياۋايى تەبىئىتى ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان كۈچى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىدى، بۇ بۆرە ئىنسان روھىنىڭ ھەقىقىي كېلەچەككە قەدەم بېسىشىنى توسماقچى بولغان» دەيدۇ.

قىزىل بۆكنى روھىي ئانالىز بويىچە تەتقىق قىلىش فرېيدتىن باشلانغان، بۇ ئۇنىڭ روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مەزكۇر چۆچەكنى مەخسۇس شەرھلىگەن. ئۇنىڭ 1908 - يىلى ئېلان قىلىنغان «بالىلارنىڭ جىنسىيەت نەزەرىيىسى» ناملىق ماقالىسىدە، فرېيد ئاتالمىش كۆپىيىش بوشلۇقىدىن يارىلىش نەزەرىيىسىنى بايان قىلدى.

فرېيد 1913 - يىلىدىكى «بالىلىق دەۋرلەردىكى ماتېرىياللارنىڭ چۈشتە ئايان بولۇشى» ناملىق ماقالىسىدە، قىزىل بۆك ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق توختالدى. ياش بىر ئەر بىمار چۈشىدە بىر توپ ئاق رەڭلىك بۆرىلەرنىڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ بىمار ئەسلەپ: ئۆزىنىڭ «بىر بالىلار چۆچىكى كىتابىدىكى بۆرىنىڭ رەسىمىدىن ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكىنى... بۇ رەسىمنىڭ بەلكىم ‹قىزىل بۆك› چۆچىكىدىكى قىستۇرما رەسىم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى» ئېيتىدۇ. فرېيدنىڭ قارىشىچە، بىمارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بالىلىق دەۋرىدىكى بۇ كۆرۈنۈش قىزىل بۆكنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى «بۆرە بىلەن يەتتە ئوغلاق»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن، «مەزكۇر چۆچەكتە ئاق رەڭ بار، چۈنكى بۆرە ئوغلاقلارنى يېيىش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوغلاقلار ئۇنىڭ كۆلرەڭ تىرنىقىنى تونۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۆرە تۈگمەنگە (بولكىخانىغا) بېرىپ تىرناقلىرىغا ئۇن سۈركەپ كېلىدۇ». فرېيد داۋاملاشتۇرۇپ: «ۋەھالەنكى بۇ ئىككى بالىلار چۆچىكى (فولكلورشۇناسلار ئېيتىۋاتقان AT123 ۋە AT333)نىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار. ئىككى چۆچەكتە ئوخشاشلا بۆرە ئادەم يەيدىغان، ئوخشاشلا بۆرىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئۇ يەۋەتكەن ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان، ئاخىرىدا بۆرىنىڭ قورسىقىنى تاش بىلەن تولدۇرۇپ قويىدىغان ۋەقەلىكلەر بار. شۇنداقلا بۇ ئىككى چۆچەكتە ئوخشاشلا ياۋۇز بۆرە ئۆلىدۇ». فرېيدنىڭ قىزىقىدىغىنى يالغۇز بىمارلارغا ياردەم بېرىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە فولكلورنى ئانالىز قىلىش ئىدى. خۇددى روھىي ئانالىز فولكلورنى چۈشىنىشتىكى قوشۇمچە قورال بولغىنىغا ئوخشاش، فرېيد ئۈچۈن ئېيتقاندا فولكلور بىمارلارنى چۈشىنىشتىكى قوشۇمچە قورال ئىدى. فولكلور بىلەن روھىي ئانالىزنى ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە بىر - بىرىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. فرېيد ماقالىسىنى خۇلاسىلەپ: «ئەگەر مېنىڭ بىمارلىرىمنىڭ كېسەللىك مىساللىرىدا، بۆرە پەقەت دادىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان دېيىلسە، ئۇنداقتا مەسىلە شۇكى، ئوغلاق ۋە قىزىل بۆكنى بۆرە يەپ كېتىدىغان بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى يالغۇز دادىنىڭ بالىلارغا بولغان ۋەھىمىسىنىلا ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن. فرېيدنىڭ قارىشىچە، بىمارلىرىنىڭ دادىلىرى «چېقىشىپ تىللاپ قويىدىغان» ئادىتى يېتىلدۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇلار بەلكىم «بىر چىشلەپلا يەۋېتىمەن» دېگەندەك ۋەھىمىلىك چاقچاقلارنى دەپ سالغان بولۇشى مۇمكىن. فرېيدنىڭ باشقا بىر بىمارى ئۇنىڭغا ئىككى بالىسىنىڭ ئەزەلدىن بوۋىسىنى ياخشى كۆرەلمىگەنلىكىنى، «چۈنكى بوۋىسى بالىلار بىلەن ئوينىشىدىغان چاغدا، دائىم ئۇلارنى قورقۇتۇپ، قورسىقىڭلارنى يېرىۋېتىمەن دەيتتى» دېگەن.

قىزىل بۆك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرىنچى مۇھىم روھىي ئانالىز يېشىمى بەلكىم ئېرىك. فروم (Erich.Fromm)نىڭ 1951 - يىلىدىكى «ئۇنتۇلغان تىللار» ناملىق ئەسىرىدە يې-

www.uyghurkitap.com



زىلغان بولۇشى مۇمكىن. فروم باشقا نۇرغۇن روھىي ئانالىز ئالىملىرىغا ئوخشاشلا مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ: «بۇ باللار چۆچىكىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى سىمۋوللىرىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا چۈشەنگىلى بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى. فرومنىڭ قارىشىچە: «‹قىزىل تەۋىتلىق بۆك› بولسا ھەيزنىڭ سىمۋولى، بىز ئۇنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىچىك قىزچاقتىن پىشقان بىر قىزغا ئايلانغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇنىڭ ھازىر يۈزلەنمەكچى بولغىنى جىنس مەسىلىسىدۇر. ‹چوڭ يولدىن ئادىشىپ كەتمە› ۋە ‹بوتۇلكىنى چېقىپ قويما› دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇشلار ناھايىتى روشەنكى جىنسىي خەتەر ۋە ئىپپىتىنى يوقىتىشقا قارىتا ئېيتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىدى، بۆرە قىزچاقنى بىر كۆرۈپلا جىنسىي ھەۋىسى قوزغالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغان».

فروم، بۇ باللار چۆچىكى يالغۇز جىنسىي خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ئەخلاقىي چۆچەكلا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇ: «ئەرلەر ۋەھشىي ۋە ھىيلىگەر ھايۋان تەرىقىدە سۈرەتلىنىدۇ، جىنسىي ھەرىكەت ئەر جىنسىكلەرنىڭ ئايال جىنسىكلەرنى يەۋېتىشىدەك بىر خىل ئادەم يېيىش ھەرىكىتى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. فروم، بۇ ئەرلەرگە ۋە جىنسقا بولغان قاتتىق يىرگىنىشنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە جىنسىي تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئاياللار بۇ خىل كۆز قاراشنى قوللىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. فروم داۋاملاشتۇرۇپ: «ئەمما ئەرلەرگە بولغان بۇ خىل ئۆچمەنلىك ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش ھەتتا ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ... ئاياللارنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ بالا تۇغالىغانلىقىدا، بىز بۇنى چوقۇم ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، بۆرە قانداق مازاق قىلىندى؟ ئۇنىڭ(بۆرىنىڭ) ھامىلدار ئايالنىڭ رولىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدا ھايات نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مازاق قىلىندى. قىزىل بۆك تۇغماسلىقنىڭ سىمۋولى بولغان تاشلارنى ئۇنىڭ قورسىقىغا تولدۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بۆرە تىن تارتماي ئۆلۈپ كەتتى. قانغا قان، جانغا جان ئېلىش پرىنسىپى بويىچە بۆرە ئۆزى ئۆتكۈزگەن جىنايى ھەرىكەت ئارقىلىق جازالاندى، يەنى ئۇ تۇغماسلىقنىڭ سىمۋولى بولغان تاش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھامىلدار ئايالنىڭ رولىنى ئېلىش جەھەتتىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن تەرىپى ھەجۋىي قىلىندۇ» دەيدۇ.

فروم خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ باللار چۆچىكىدە ئەر جىنسىكلەر بىلەن ئايال جىنسىكلەرنىڭ توقۇنۇشى سۆزلەنگەن، بۇنىڭدىكى مۇھىم شەخس ئۈچىنچى ئەۋلاد ئايال(چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۇۋچى بولۇپ، ئەمەلىي ۋەزنى بولمىغان ئەنئەنىۋى ئاتىلارنىڭ ئوبرازى)؛ بۇ چۆچەك ئەرلەرگە ئۆچ ئاياللارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان چۆچەكتۇر.»

روبېرت. دارنتون (Robert Darnton) 1984 ـ يىلىدىكى «مۈشۈكلەرنى قىرىش» ناملىق ئەسىرىدە بىر قىسىم ئاساسلارنى دەلىل كەلتۈرۈپ فرومنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلدى. دارنتون، «فرومنىڭ ماقالىسىدە دېيىلگەن ۋارىيانتنىڭ سىمۋول، 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى دېھقانلارغا ناھايىتى تونۇش بولغان ۋارىيانتلاردا يوق ۋەقەلەرنى ئاساس قىلغان» دەپ كۆرسەتتى. دارنتون چۈشەندۈرۈپ: «شۇڭا ئۇ بارلىق (مەۋجۇت بولمىغان) قىزىل بۆكنى ھەيزنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا (مەۋجۇت بولمىغان) چوڭ يولدىن ئاداشماي مېڭىش، قاقاس دالاغا چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى سەممىي مەسلىھەتنىڭ سىمۋولى قىلىپ قويدى. بۆرىنى بولسا ئۇستىلىق بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ئەر قىلىپ قويدى. ئوۋچى (مەۋجۇت بولمىغان) قىزچاق ۋە ئۇنىڭ موممىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، بۆرىنىڭ قورسىقىغا سېلىپ قويغان ئىككى پارچە تاش (مەۋجۇت بولمىغان)نى تۇغماسلىقنىڭ ۋەكىلى ۋە جىنسىي تابۇنى بۇزۇشنىڭ جازاسى قىلىپ قويدى. شۇڭا، ئەڭ دەسلەپكى خەلق چۆچەكلىرىدە مەۋجۇت بولمىغان ئۇششاق تەپسىلاتلارغا بولغان سىرلىق تەسىراتلار ئارقىلىق، روھىي ئانالىزچىلار بىزنى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان، كەم دېگەندىمۇ روھىي ئانالىز بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولمىغان روھىي دۇنياغا باشلاپ قويدى» دەيدۇ.

دارنتون فرومنىڭ يىگانە ۋارىيانتنى ئاساس قىلىپ تەھلىل قىلغانلىقىنى، يەنى ئوخشاش بىر چۆچەك تۈرىدىكى گرىم ۋارىيانتنىڭ ئەسلىي تېكىست ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىدا، ئۇ بىر فولكلورشۇناسقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنداق چۆچەكلەردىن جەمئىيەت تارىخىغا ھۆكۈم قىلماقچى بولغان ۋاقتىدا، ئۆزىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزدى. باللار چۆچىكى ژانىر ئېنىقلىمىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ بىر توقۇلما، پاكىت ئەمەس. گەرچە باللار چۆچەكلىرى ئىچىدىن راستىنلا پارچە ـ پۇرات ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللار ياكى جەمئىيەت پاكىتلىرىنى ئىلغا قىلغىلى بولسىمۇ، ئەمما باللار چۆچەكلىرى بىلەن رېئاللىقنى بىرمۇ بىر مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ پەرەز قىلىش مېتودولوگىيە جەھەتتىكى خاتالىق. باللار چۆچەكلىرىگە قارىتا پەقەت خەت يۈزى ۋە تارىخىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھېچقانچە قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن باللار چۆچەكلىرىنى بەلگىلىك بىر ئەسىرگە تەۋە دەپ «كېسىپ» ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، مەزكۇر ماقالىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان AT333 نىڭ جۇڭگوچە، ياپونچە ۋە كورىيىچە ۋارىيانتلىرى ئەمەلىيەتتە بۇ چۆچەك تۈرىنىڭ فرانسىيە ۋە ياۋروپا ۋارىيانتلىرى بىلەن بىر مەنبەلىك دەپ قارىساق، بىز چوقۇم بۇ چۆچەك ئۈچۈن 17 ـ ئەسىردىن

كۆپ ئۇزاق بولغان ۋاقت كەڭلىكنى پەرەز قىلىشىمىز كېرەك.
مەسىلەن، ئېبېرخارد AT333 نىڭ 17 ـ ئەسىردىكى جۇڭگوچە ۋا-
رىيانتىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇڭا بۇ چۆچەكتىكى مۇتلەق كۆپ ساندى-
كى تاساددىپي يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى 17 ـ ئەسىردىكى دېھقان-
لار فرانسىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىش ئۇچىغا
چىققان ئەخمەقلىق ھېسابلىنىدۇ.

گېزا. روخېم (Geza Roheim) قىزىل بۆك ھەققىدە باشقىلار
بىلەن ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان روھىي ئانالىز چۈشەندۈرۈشىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ 1940 ـ يىلىدىكى «ئەجدىھا بىلەن قەھرى-
مان» ناملىق ماقالىسىدە AT333 بىلەن AT123 ھەققىدە قىسقىچە
ئىزاھات بەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشى بولسا، بۇ چۆچەك
بوۋاقلارنىڭ كالپۇك ھۇجۇمىنى (口唇攻击) ئەكس ئەتتۈرىدۇ،
دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ AT123 نىڭ رۇمىنىيە ۋارىيانتىنى دەلىل
قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا ئانا ئۆچكە بالىلىرىدىن ئايرىلىش ئال-
دىدا، قايتىپ كەلگەن چېغىدا ئىشلىتىلىدىغان پارولنى ئېيتىپ بېرى-
دۇ. «بۇ يەردىكى پارول ئۇ بالىلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئېسىل يې-
مەكلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ يېلىنىدا سۈت بار، كالپۇكى-
دا پىشلاق بار». روشەنكى، روخېم: «بۇ بايانلار تىل يارىسى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆز ئالدىدىكى بىر تال يېلىن ئۇرىپى شوخ
بىر پەرزەنت ئۈچۈن قورسىقىنى تويغۇزۇشتا تايىنىدىغان ئانا، ئانا
ئۆچكە ئۆيدە بولمىغان چاغدا ‹بۆرە ئىشىكنى چېكىدۇ›. ئەڭ
كىچىك ئوغلاق بەلكىم ئەڭ چوڭ بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇ
ياۋۇز ئانا بۆرە يەپ كەتكەن باشقا ئوغلاقلارنى بىۋاستە قۇتقۇزۇ-
ۋېلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى بۆرە ئانىنىڭ قورسىقىنى
يېرىپ ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ قالىدۇ. بۇ بۆرە ئاللىقاچان بالىلىرىنى
چوڭ قىلىپ بولغان بۆرە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بالىلىق بولۇش
ئارزۇسىنى قاندۇرماقچى بولغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەننى قەتئىي
تەشەببۇس قىلىدۇ، گەرچى بۇ چۆچەك ئوخشاش بىر تەپەككۇر يو-
لىنى بويلاپ ماڭغان بولسىمۇ، روخېمنىڭ قىزىل بۆك ھەققىدىكى
دەسلەپكى ئانالىزلىرى تېخىمۇ سىرلىق.

«مەسىلە شۇكى قىزىل بۆك (بۆرە بولۇش سۈپىتى بىلەن)
ئالدى بىلەن مومىسىنى يەيدۇ، ئاندىن قانىغا قان، جانىغا جان
قىساس ئالىدىغان تەشۋىشلىك باسقۇچتا يەنە بۆرە موماي تەرىپى-
دىن يەپ كېتىلىدۇ». روخېمنىڭ AT333نى ئانالىز قىلىشتىكى
ئەڭ دەسلەپكى سىنىقىنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزنىڭ
دىققەت نەزەرىمىزنى بۇ ئاغزاكى چۆچەكنىڭ ئادەم يەيدىغان تېر-
كىبلىرىگە قاراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

بۇ ئاغزاكى چۆچەكتە، ئايال باش قەھرىمان راستىنلا مو-
مىسىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. بەلكىم بىز بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، قىزىل
بۆك بىلىپ ـ بىلمەي شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشىمىز
مۇمكىن، ئەمما بۇ پىسخىك يارىنىڭ خەلق ئاغزاكى چۆچەكلىرىدە
ئىپادىلىنىشىنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى. فولكلور فانتازىيىسىدە، پېرسو-
ناژلار ئادەتتە نېمە ئىش قىلمەن دېسە شۇ ئىشنى قىلىدۇ، ھالبۇ-
كى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل ھەرىكەتلەر چەكلەنگەن ياكى
توختىتىپ قويۇلغان بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى فولكلور ئانا-
لىزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، مۇھىم نۇقتىنى خاتا ھالدا
ئەخلاقىي مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرى ئۈستىگە قويۇۋالىدۇ.
دۇرۇس، بۇ مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت،
ئەمما فولكلوردا مۇھىم بولغىنى شۇكى، بۇ بۇيرۇقلارغا دائىم
خىلاپلىق قىلىنىدۇ. قايسىلا جەمئىيەتنىڭ فولكلورىدا بولسۇن،
پەقەت جەمئىيەتنىڭ قېلىپلىشىپ قالغان ئۆلچەملىرىنى ئەكس ئەت-
تۈرگەنلىكىگىلا دىققەت قىلىش بىر خىل خاتالىق. فولكلور جەمئى-
يەت ئېتىراپ قىلغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
يەنە ئۇمىدۋار ئۇي ئارقىلىق ئۆزىنى قاچۇرۇشقىمۇ يول قويىدى-
غان بولۇپ، ئوخشاشلا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

سۈت ئېمىدىغان بوۋاق چىشى چىققان چاغدا ئۆزىنىڭ ھەق-
قىي قورالغا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. ھەر قانداق بىر ئانا
ياكى ئىنىكئانا قورسىقى تويغان ياكى شوخ، جىم تۇرمايدىغان بو-
ۋاقنى ئېمىتكەن چاغدا بۇ كىچىك چىشلار ئېلىپ كەلگەن ئاغرىق
ئازابىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بىر قاقىدا بىر قاق پرىنسىپى بوي-
چە، بۇ جىنايى ھەرىكەت ئەسلىدىكى جىنايى ھەرىكەتكە ئوخشاش
بولغان ئۇسۇل بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ. شۇڭا ئانىسىنىڭ ئەمچىكى-
نى چىشلىگەن ياكى ئەمگەن شوخ بالىلار، ئاپىسىنىڭ (ياكى دادى-
سىنىڭ) چىشلىشى ياكى يېيىشى بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ. قوشۇمچە
قىلىپ قويىدىغان كۆز قارىشىم شۇكى، ناھايىتى كەڭ تارقالغان
چىشسىمان ماتكا (جىنسىي يول) مۇتىفىنىڭ پىسخىكىلىق مەنبەسى
دەل بوۋاقنىڭ بىرىنچى قورالى، يەنى ئەمچەكنى چىشلىگەن
چىشتىن كەلگەن. شۇڭا، خۇددى بىر ئوغۇل بوۋاق ئايال
جىنسىنىڭ بەدىنىدىكى تومپىيىپ چىققان قىسمىنى چىشلىگىنىگە
ئوخشاش، كېيىنچە ئۇنىڭ ئايال جىنسقا بولغان قورقۇنچى جىنسىي
ئەزاسىنى چىشلەيمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتقان تەسەۋۋۇردىكى
چىشسىمان ماتكىدا ئىپادىلىنىش شەكلىنى تاپقان.

1953 ـ يىلى، يەنى روخېم ۋاپات بولغان يىلى، ئۇنىڭ
AT333 ۋە AT123نى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلغان قىسقا بىر
پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ AT123 يەنى «بۆرە بىلەن
يەتتە قوزىچاق» تەتقىقاتىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى روھىي ئانا-
لىزچىلارغا ئوخشىمايدىغان ھالدا، ماتېرىيال سېلىشتۇرۇشتىن ناھا-
يىتى ياخشى پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لوررايىنې (Lorraine)
نىڭ قىزىقارلىق بىر ۋارىيانتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا
بۆرە تۇرخۇندىن سەكرەپ كىرىپ، پىشۇرۇلغان سۈت بار قازانغا

چۈشۈپ كېتىدۇ. روخېم تەھلىللىرىنى خۇلاسىلەپ: «ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ئاق كۆڭۈل ئانا بالىلىرىنىڭ قاندۇرغىلى بولمايدىغان ئارزۇلىرىنى قاندۇرالمايدۇ، ھەتتا مۇشۇ ئىش (پاكىت) تۈپەيلى ئانا ئادەم يەيدىغان ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بوۋاقنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن يەپ كېتىلىش فانتازىيىسى بولسا بوۋاقنىڭ ئانىسىنى يەۋېتىپ ئۆچ ئېلىش ئارزۇسىدىن كەلگەن قورقۇنچتىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئوبزور قىزىل بۆك چۆچىكىگىمۇ قوللىنىلىدۇ. قىزىل بۆكنىڭ مومىسىنى يەۋېتىش غەرىزىنىڭ ئارقىسىغىلا بۆرىنىڭ ئۇنى يەۋېتىش غەرىزى ئۇلىنىپ كەلگەن، بۇ دەل مەزكۇر چۆچەكنىڭ فرانسىيە ئاغزاكى ۋارىيانتىنىڭ ۋەقەلىكى. روخېم «باللار چۆچىكى ۋە چۈش» ناملىق ماقالىسىدە قىزىل بۆككە بولغان چۈشەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پېروننىڭ چۆچىكىگە قوشۇمچە قىلىنغان ئەخلاقىي خۇسۇسىيەت بۆرىنى ئەر جىنسىتكىلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە جىنسىي ئىستەكنىڭ تىپىك سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، دەپ بايان قىلىدۇ. روخېم يەنە ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىپ، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر كىچىك قىزچاقنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزچاق ھەيز مەزگىلىدە ئانىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنى ئېزىقتۇرماقچى بولغان ناتونۇش ئەر بىلەن گەپلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە (قىزچاقنىڭ ئاڭسىز ئۇيىدا بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۇجرىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ) باشلاپ بېرىلىدۇ، قىزچاق ئەرنىڭ بەدىنىگە تەپسىلىي قاراپ چىقىدۇ ھەمدە جىنسىي مۇھەببەتتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. كېيىنكى ئىشلار بولسا ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇتتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ يەردە بىر ئىنكارنى نۇقتا مەيدانغا كېلىدۇ: قىزچاق بىر ياخشى ئادەم، يەنى ئوۋچى تەرىپىدىن بۆرىنىڭ قورسىقىدىن تىرىك قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاغدا، قىزچاق ئەمەس بەلكى بۆرە ھامىلدار ئىدى، بۆرىنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھامىلدارلىقنىڭ خەتىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق».

... (ئالدىنقى ئابزاسنىڭ داۋامى يۇقىرىدا)

مۇھاكىمە قىلغاندا يۇقىرىدا روخېمنىڭ قىزىل بۆك ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئانالىزلىرىدىكى تېخىمۇ تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىدىغان تەرەپلىرىنى قەستەن قىسقارتىۋەتتىم. مەسىلەن، روخېم باللار چۆچەكلىرىنىڭ چۈشتىن بارلىققا كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىكى بۇنداق تەرەپلەرنى ئىسپاتلاش ناھايىتى قىيىن. ئۇ: «گەرچە ئۇ خەلق چۆچەكلىرىدىكى بۆرە بولغان تەقدىردىمۇ، قورسىقى بىر نەچچە قېتىم يېرىلغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۇخلاۋېرىشى ھەقىقەتەن قالتىس كارامەت. بىز پەقەت بۆرە، موماي (ئانا تەرەپ)، كىچىك قىزچاق قاتارلىقلارنى ماھىيەتتە بىر ئادەم دەپ قارىساق، ئاندىن بۇ نۇقتىنى چۈشىنەلەيمىز» دەپ قارايدۇ. روخېم يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: «قىزىل بۆك ئۆزىنىڭ ‹تاتلىق ئۇخلايدىغان بالىياتقۇسى›غا يۇتتۇۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەنە ئانا تېنىنىڭ ئىچى ئىدى. ئۇنداقتا، ئوۋچىنى قىزىل بۆكنىڭ ئاتىسىنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، يەنى ئانا تېنىنىڭ (ياكى كۆكسىنىڭ) رىقابەتچىسى» دەپ يازىدۇ.

1966 ـ يىلى «روھ ئانالىز مۇنبىرى»دە لىللا. ۋەسى ـ ۋاگنېر (Lilla Veszy _ Wagner)نىڭ «تۆشەكتىكى قىزىل بۆك» ناملىق ئەسىرى ۋە تۆت ئوبزورچىنىڭ ئوبزورى، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى قوشۇپ ئېلان قىلىنىدى. ئاپتور باشتىلا: «ياۋروپادىن سىرتقى جايلاردا بۇ چۆچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە فولكلور ماتېرىياللىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز شۇنداق خۇلاسە قىلالايمىزكى، بۇ چۆچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بەلكى ياۋروپالىقلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئاڭسىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ ئوبزورچىسى مارك كابزېر (Mark Kabzer) قىزىل بۆكنى تۆۋەندىكىدەك روھىي ئانالىز «تەرجىمىسى» بىلەن تەمىنلەيدۇ: «بالاغەتكە يەتكەن قىزچاق ھەيز مەزگىلىدە ئانىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنى ئېزىقتۇرماقچى بولغان ناتونۇش ئەر بىلەن گەپلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە (قىزچاقنىڭ ئاڭسىز ئۇيىدا بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۇجرىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ) باشلاپ بېرىلىدۇ، قىزچاق ئەرنىڭ بەدىنىگە تەپسىلىي قاراپ چىقىدۇ ھەمدە جىنسىي مۇھەببەتتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. كېيىنكى ئىشلار بولسا ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇتتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ يەردە بىر ئىنكارنى نۇقتا مەيدانغا كېلىدۇ: قىزچاق بىر ياخشى ئادەم، يەنى ئوۋچى تەرىپىدىن بۆرىنىڭ قورسىقىدىن تىرىك قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاغدا، قىزچاق ئەمەس بەلكى بۆرە ھامىلدار ئىدى، بۆرىنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھامىلدارلىقنىڭ خەتىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق».

يەنە بىر ئوبزورچى توماس مىنتز (Thomas Mintz) بۇ چۆچەكنى بىر چۈش دەپ قاراشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، «بىز بۇ چۆچەكتىكى بارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى چۈش كۆرگۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىيالايمىز: بۆرە جىنسىي جەلپ قىلىش ۋە ئادەم يەيدىغان ئارزۇ ـ ئىستەك (تەبىئىي مەن)كە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ (بۆرە) چوقۇم يامانلارنى جازالاپ ياخشىلىقنى كېڭەيتكۈچى ئوۋچى (ئۆزلۈكتىن ھالقىغان مەن) تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىلا، ئاندىن باللار (ئۆزلۈك مەن) يېيىلمەيدۇ ۋە بويسۇندۇرۇلمايدۇ.»

شۈبھىسىزكى، قىزىل بۆك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مەشھۇر روھىي ئانالىز يېشىمى برۇنو. بېتېلخېيم (Bruno Bettelheim)نىڭ 1976 ـ يىلىدىكى «سېھىرگەرلىكنىڭ زۆرۈرىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بېتېلخېيم پېرو ۋە ئاكا ـ ئۇكا گرىممىلارنىڭ ۋارىيانتلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئاشۇ ۋارىيانتلار (مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ)نى بىلەتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ بۇ چۆچەك ھەققىدە ئېلىپ بارغان روھىي ئانالىز تەتقىقاتلىرىدىن، مەسىلەن، مەزكۇر ماقالىدە دەلىل كەلتۈرۈلگەنلەردىن مۇتلەق پايدىلانمىغان. بېتېلخېيمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى روخېمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ، لەۋزىگە چىڭ

ئېسىلىۋالغان خانىىل ۋە گرېتېل(گرىم چۆچەكلىرىدىكى پېرسوناژ-
لار)غا ئوخشمايدىغىنى «قىزىل بۆك ئالدىغاچان لەۋزىگە ئېسىلىۋې-
لىشتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق لەۋزىنى
بۇزۇش خىيالى يوق»، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە AT333 نىڭ ئاغ-
زاكى ۋارىيانتىدىكى ئاشكارا ئادەم يەيدىغان تەپسىلاتلار بېتېلخېم-
نىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. مومىسىنىڭ گۆشىنى
يېيىشىدىن، باش قەھرىمانىنىڭ «لەۋزىنى بۇزۇش خىيالى» ناھاي-
تى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ چۆچەكنىڭ چوقۇم كىيىم تىكىش يىڭنىسى يولى ياكى يىڭ-
نىمىخ يولىنىڭ بىرىنى تاللاپ ماڭىدىغان ۋارىيانتىنى بېتېلخېم بە-
لەتتى، ئۇ بىر بەت ئاستى ئىزاھاتىدا يىڭنىمىخ خۇشاللىق پرىنسىپ-
ىغا، كىيىم تىكىش يىڭنىسى بولسا رېئاللىق پرىنسىپىغا ۋەكىللىك قى-
لىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەكۈنى مۇنداق: نەرسىلەرنى يىڭنە-
مىخ بىلەن ئاسانلا بىرلەشتۈرۈپ قىستۇرغىلى بولىدۇ، ئەمما كىيىم
تىكىش يىڭنىسى بىلەن نەرسىلەرنى تىكىش بىر قەدەر تەسرەك.
شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىزىل بۆكنىڭ يىڭنىمىخ يولى
بىلەن مېڭىشنى تاللىۋېلىشى، ئۇنىڭ خۇشاللىق پرىنسىپىغا تېخىمۇ
مايىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بېتېلخېمغا نىسبەتەن
بۆرە «يالغۇز ئەر جىنسلىقلارنىڭ ئازدۇرۇشىغىلا ۋەكىللىك قىلىپ
قالماستىن، ئۇ يەنە ۋۇجۇدىمىزدىكى بارلىق ئىجتىمائىيلىققا
قارشى، ھايۋانىيلىق مايىللىقىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ... قىزىل
بۆككە كېلىۋاتقان خېيىمخەتەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغىنىۋاتقان
جىنسىي ئىستەكتىن كېلىدۇ، بۇ خىل جىنسىي ئىستەككە نىسبەتەن،
ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن». بېتېلخېمنىڭ قا-
رىشىچە، قىزىل بۆك بۆرىگە مومىسىنى قانداق تېپىش يولىنى ناھا-
يىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، بۇ قىزىل بۆكنىڭ جىنسىيەت جە-
ھەتتە تېخى تەييارلىقسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بىلەن با-
راۋەر، ئەمما مومىسى، يەنى پىشقان بىر ئايالنىڭ تەييارلىقى
پۈتكەن ئىدى. بېتېلخېم قىزىل بۆك چۆچىكىنى ئاساسىي جەھەت-
تىن ئانىغا ئامراقلىقتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئىدىيىۋى روھىي
ھالەت بايان قىلىنغان چۆچەك دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭدا: «دەسلەپكى
ئانىغا ئامراقلىق سەزگۈ ياشلىق مەزگىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئە-
گىشىپ ئۆزگىرىدۇ، بۇ قىزچاق ئاتىسىغا ئېرىشىش ئارزۇسىدا بو-
لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسىنى جەلپ قىلىش مايىللىقى
بىلەن، ئاتىسى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىش نەپسىمۇ قوزغىلىدۇ. ئۇن-
داقتا، بۇ قىزچاقنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزىنى دەپ ئاتىس-
نى ئانىسىنىڭ يېنىدىن تارتىپ كېتىش ئارزۇسى، ئانىسىنىڭ(ئەگەر
ئاتىسى بولمىسا) قورقۇنچلۇق جازاسىغا ئۇچرىشى كېرەك» ئىدى.
شۇڭا پەقەت ئانىسى ياكى مومىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت
بولسىلا، بۇ قىزچاق ئەركىن ھالدا بۆرىنى جەلپ قىلالمايدۇ ياكى
بۆرە تەرىپىدىن ئازدۇرۇلمايدۇ. بېتېلخېمنىڭ تەلىماتى بويىچە بول-
غاندا، بۇ چۆچەك «مۇشۇ مەنىدە قىزلارنىڭ دادىسى (بۆرە) تەرە-
پىدىن جەلپ قىلىنىشتىن ئىبارەت ئاڭسىز ئارزۇسى بىلەن چېتىش-
لىق بولىدۇ». بۇ دەل ناھايىتى نۇرغۇن چۆچەك قىستۇرما رە-
سىملىرىنىڭ ھەممىسىدە قىزىل بۆك بىلەن بۆرىنىڭ كارىۋاتتىكى
مەنزىرىسى بولۇشىنىڭ سەۋەبى. بېتېلخېمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
چۆچەكتە ئاتا ئىككى خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ، «بىرى، بارلىق
ئانىغا ئامراقلىق ھېسسىياتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خېيىمخەتەرنىڭ
تاشقى ئىپادىسى بولغان بۆرە، يەنە بىرى، قوغداش ۋە قۇتقۇ-
زۇش فۇنكسىيىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئوۋچى».

بېتېلخېمدىن كېيىن قىزىل بۆك ھەققىدە روھىي ئانالىز ئېلىپ بار-
غانلار يەنە بار، مەسىلەن، كارل- خېينز (Carl – Heinz Mallet)
«سىز باللارنى چۈشىنەمسىز ؟» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى چۈ-
شەندۈرۈشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما يېڭى كۆز قاراشلار ئانچە
كۆپ ئەمەس. مەزكۇر ماقالىدە روگىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئوتتۇرىغا
قويۇلغان قىزىل بۆك ھەققىدىكى خىلمۇخىل چۈشەندۈرۈشلەر تىلغا
ئېلىنمىدى، بۇ چۈشەندۈرۈشلەر پسىخىك ئانالىز ئىلمىغا (روھىي ئانا-
لىز بىلەن قارىمۇقارشى) سادىق بولۇپ، چۆچەكنىڭ جىنسىيەت بىلەن
مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى قولللىمايدۇ، ئەمما ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە
پىشىپ يېتىلىش جەريانىنى تەكىتلەشنى خالايدۇ.

قىزىل بۆك ھەققىدىكى خىلمۇخىل چۈشەندۈرۈشلەرگە قارى-
تا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟ بىز جەك. زىپېسنى بىر
ۋەكىل دەپ قارىساق بولىدۇ. زىپېس ئاكا - ئۇكا گرىملار (ۋە
پېرو)نىڭ بىر ئاغزاكى چۆچەكنى ئۆز خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ
قىلغانلىقىغا ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ نۇقتا ئۆز نۆۋىتىدە،
ئۇنىڭ بېتېلخېم چۈشەندۈرگەن قىزىل بۆك ھەققىدىكى ئىنكاسىغا
تەسىر قىلغان. زىپېس، بۇ ئەرلەر ئەسلىدە بىر قىزچاقنى مەركەز
قىلغان باللار چۆچىكىنى (ئۇنىڭدا قىزچاقنىڭ ئۆزى مۇستەقىل
ھالدا ياۋۇز بۆرە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئوبرازى بار) بۇرماپ
بىر ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇنىڭدا قىزنىڭ جىنسىي ئىس-
تىكى بېسىمغا ئۇچرايدۇ، بىر بولسا ئەخلاقسىز قىز بىر ئاچكۆز
ئەركەك بۆرىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ ياكى بولمىسا زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان قىز بىر ئەر ئوۋچىنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى كۈتۈ-
شى كېرەك، دەپ قارايدۇ. زىپېس قىزىل بۆكنىڭ ناھايىتى
نۇرغۇن ئەدەبىي نۇسخىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق «مەدە-
نىيلەشتۈرۈش» ۋە ئەخلاقلاشتۇرۇش خاھىشلىرىنى تېپىپ چىقتى،
شۇنداقلا مۇشۇ باللار كىتابلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى ئىچە-
دىن ئۆزىنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى ئۈچۈن كىشىنى قايىل قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پىرونىڭ قىزىل بۆكنى بىر ئاگاھلاندۇرۇش (پەرھىزنى بۇزماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇلغان) چۆچىكىگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن تارتىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئاكا ـ ئۇكا گىرىملارنىڭ پىرونىڭ چۆچىكىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە قەدەر بولغان بىر قاتار ئۆزگەرتىشلەردىن، زىپىس بىر مۇھىم نۇقتىنىڭ يۆتكىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلغان، يەنى بۇرژۇئازىيە ئەخلاقىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيتىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خۇددى زىپىس «قىزىل بۆكنىڭ سىناقلىرى ۋە ئازابلىرى» دېگەن مۇقەددىمە خاراكتېرلىك مۇھىم ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «قىزىل بۆك بولسا ئەرلەرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە كۆلەڭگىسى. بىز دائىم كۆرۈپ تۇرغان قىزىل بۆك ئوبرازىنى ئاياللار ئەمەس، بەلكى ئەرلەر يەنى، پىرو بىلەن ئاكا ـ ئۇكا گىرىملار ياراتقان» ئىدى. زىپىس يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ‹قىزىل بۆك› ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان جىنسىي ئىستىكى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ئىستىكىگە بولغان قورقۇنچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. جىنسىي ھاياجاننى چەكلەش ۋە كونترول قىلىش بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىي باللار چۆچەكلىرىدە ئەرلەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ تارتتۇۋېلىنىشى بىلەن مۇكەممەللىككە يېتىدۇ. قىزىل بۆك ئۆزىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغانلىق جىنايىتى سەۋەبىدىن ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدۇ. بۆرە ئەمەلىيەتتە ئەر جىنس ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھاياجانلىنىش بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىگە سىمۋول قىلىنغان. بۇ چۆچەكنىڭ ھەقىقىي باش قەھرىمانى ئوۋچى ــ ئولجا كۈتۈپ تۇرغان ئادەم، يەنى ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدۇر» دەيدۇ.

زىپىس 1983 ـ، 1984 يىللاردىكى ««قىزىل بۆكنىڭ ئازابلىرى›غا قايتا قاراپ چىقىش» سەرلەۋھىسىدىكى بايانىي ماقالىسىدە كۆز قاراشلىرىنى قايتا تەكرارلاپ ئۆتتى، يەنى پىرو بىلەن گىرىمنىڭ قىزىل بۆك ۋارىيانتى «ئاللىقاچان دۇنيادىكى ئەر ـ ئايال جىنسىدىكى نۇرغۇن يازغۇچىلارنى بىر خىل قېلىپ بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلار كىچىك قىزچاقنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىق پاكىتىنى مۇبالىغە قىلدى، بۇرمىلىدى ياكى قارشى تۇردى». زىپىسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «مومىسى ۋە نەۋرىسى باسقۇنچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتمىدى، بەلكى ئورمانغا قاراۋاتقان بىر ئەر ئوۋچى ياكى ئولجا كۈتۈپ تۇرغان ئادەم تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى، پەقەت بىر كۈچلۈك ئەر ئوبرازىلا قىزچاقنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئۇنىڭ چاڭگاق نەپسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ».

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ئەمدى زىپىسنىڭ فروم ۋە بېتېلخېيمنىڭ قىزىل بۆك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان روھىي ئانالىز چۈشەندۈرۈشلىرى ھەققىدىكى ئىنكاسلىرىغا تېخىمۇ ئاسان باھا بېرەلەيمىز. ئالدى بىلەن فروم ۋە بېتېلخېيم ئۆزلىرى ئانالىز قىلىۋاتقان بۇ چۆچەكنىڭ «ئەر ۋە ئاياللاردا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان پىسخىك مەشغۇلاتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمىي ۋە مۇئەللىپسىز خەلق چۆچىكى بولماي، بەلكى ياۋروپالىق تالانتلىق ئەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئىجتىمائىي ئادەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ژانىردىكى تولۇقلىما قىلىنغان پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىگە يۈكلەپ ئىپادىلىگەن». ئاندىن زىپىسنىڭ قارىشىچە، فروم ۋە بېتېلخېيم قاتارلىق كىشىلەر مەسىلىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى، چۈنكى ئۇلار ــ ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن پىرو ۋە گىرىمنىڭ ۋارىيانتىنى «ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەنئەنىۋى پوزىتسىيىسىنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈردى، قىزچاقنىڭ جىنايىتى بار، چۈنكى ئۇلاردا تەبىئىي مايىللىق ۋە ساداقەتسىزلىك مەۋجۇت» دەپ چۈشەندۈردى. بىزنىڭ ئېسىمىزدە بولسا كېرەك، فروم بۇ چۆچەك ئەرلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا ئەرلەرگە ئۈچ ئايالنىڭ غەلىبىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان چۆچەك دەپ قارىغان، ۋەھالەنكى بېتېلخېيمنىڭ ھېس قىلىشىچە قىزىل بۆككە كېلىۋاتقان خەتەر ئۇنىڭ ئويغىنىۋاتقان جىنسىي ئىستىكىدىن كەلگەن، بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇ كەيپىيات جەھەتتە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن چۆچەك بىلەن ئەرلەرنىڭ مەزكۇر چۆچەك ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ئاياللارنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئەرلەرنىڭ بىر خىل ئورتاق پىلانىنى ھاسىل قىلغان.

زىپىسنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قوللايدىغان كۆز قاراشلارنى ئېرىك. بېرنېنىڭ ئاممىباب پىسخولوگىيە قوللانمىسى «خەير ـ خوش دەپ بولغاندىن كېيىن يەنە نېمە دەيسەن؟» (1972) دېگەن ئەسىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بېرنې مارس ئادىمى (ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان)نىڭ بۇ چۆچەك ھەققىدىكى ئىنكاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

قانداق ئانا ئۆزىنىڭ قىزىنى ھەممىلا يەردە بۆرە بولغان ئورمانلىققا ئۇزىتىپ قويىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسى ئۆزى بارمايدۇ ياكى قىزىل بۆك بىلەن بىللە بارمايدۇ؟ ئەگەر قىزچاقنىڭ مومىسى شۇنچىلىك يالغۇز، ياردەمچىسىز بولسا، قىزچاقنىڭ ئانىسى نېمە ئۈچۈن مومايىنى يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن يىراق ئولتۇرىدۇ؟ ئەگەر چوقۇم قىزىل بۆكنىڭ بېرىشى كېرەك بولسا، ئۇنىڭ ئانىسى نېمە ئۈچۈن ئۇنى يولدا توختىماسلىققا ۋە بۆرە بىلەن گەپلەشمەسلىككە ئاگاھلاندۇرمايدۇ؟ بۇ چۆچەكتە بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ قىزىل بۆككە ئەزەلدىن بۇ خېيىمخەتەرلەر ئېيتىلمايدۇ. ھېچقانداق ئانا بۇنچىلىك

دۆت ئەمەس، شۇڭا ئاڭلىماققا ئۇنىڭ ئانىسى قىزىل بۆك ئۇچرى-
غان ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ياكى ئۇ راستىنلا قىزىل بۆكتىن
قۇتۇلماقچى بولۇشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ھېچقانداق قىزچاق بۇنچىلىك دۆت ئەمەس. قىزىل بۆك بۆرىنىڭ
كۆزى، قۇلىقى، قولى ۋە چىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ نېمە
ئۈچۈن ئۇنى يەنىلا مومىسى دەپ بىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇ
يەردىن تېزراق ئايرىلمايدۇ؟ بەلكى ئۇ يەنە كىچىك تاشلارنى
يىغىپ كېلىپ بۆرىنىڭ قورسىقىغا سالالايدىغان قىز. قانداق بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، تەپەككۇرى جايىدا ھەرقانداق قىز بۆرە
بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، گۈل ئۈزۈشتىن توختاپ قالمايدۇ،
بەلكى ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەگەر مومام تېزراق ياردەمگە ئېرىشمە-
سە، بۇ ئەبلەخ ئۇنى يەۋېتىدۇ» دەپ پىچىرلايدۇ.

ئوخشاشلا، بېرنې مارس ئادىمگە يەنە چۆچەكتە ئوتتۇرىغا
چىقىدىغان پېرسوناژلارنىڭ مۇددىئاسىنى تەھلىل قىلدۇرىدۇ. ئېنىق-
كى، ئانا «تاسادىپىي ھالدا» قىزنى يىتتۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ؛
بۆرە بولسا توشقان قاتارلىق نەرسىلەرنى يېمەيدۇ، بەلكى ئۇستات-
لىق قىلمەن دەپ چاندۇرۇپ قويىدۇ؛ موماي يالغۇز تۇرىدۇ
ھەمدە ئىشكنى ئوچۇق قويۇپ، بەزى قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ
يۈز بېرىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ؛ ئوۋچى ئېنىقكى قۇتقازغۇچى
چولپان، ئۇ مەغلۇپ بولغان رەقىبنى يىغىشتۇرۇپ، ئوماق قىز-
چاققا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ قىزىل بۆك ئۆزىنى يەنە
قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقنى بۆرىگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ
ئېيتىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كارىۋاتقا چىقىدۇ. ئې-
نىقكى ئۇ راپو (rapo) ئوينايدۇ ــ بېرنې ئوتتۇرىغا قويغان «كە-
شىلەر ئوينايدىغان ئويۇن» بولۇپ، ئىستىئارە مەنىسى بىلەن
مەشھۇر ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە ئىش ناھايىتى
خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بېرنې مارس ئادىمنىڭ چوڭقۇر ئويلىرىنى مۇنداق خۇلاسى-
لەيدۇ: «ئىشنىڭ ھەقىقتى بولسا، چۆچەكتىكى ھەر بىر ئادەم ھەر-
قانداق بەدەلگە قارىمىغان ھالدا ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدىكى بەرھەق جازانى يۇزەكىي قىممەت نۇقتىسى-
دىن ھېسابلىساق، ئۇنداقتا بارلىق ئىشلار بىچارە بۆرىنىڭ ئۆزىنى
ھەرقانداق ئادەمدىن ئەقىللىق ھېسابلىغانلىقى ۋە قىزىل بۆكنى
يەمچۈك قىلغانلىق ۋەقەلىكى بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا
پۈتكۈل چۆچەكنىڭ ئەخلاقىي نۇقتىسى سەبىي قىزچاقنىڭ بۆرە
بىلەن توشۇپ كەتكەن ئورمانلىقتىن يىراق تۇرۇشىدا ئەمەس،
بەلكى بۆرىنىڭ سىرتقى قىياپىتى سەبىي بولغان قىزچاق ۋە ئۇنىڭ
مومىسىدىن نېرى تۇرۇشى كېرەكلىكىدە كۆرۈلىدۇ ــ ئاددىيراق
ئېيتقاندا، بۆرە ئۆزى يالغۇز ئورمانلىقتىن ئۆتمەسلىكى كېرەك
گىدى. بۇمۇ بىر قىزىقارلىق مەسىلىنى پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئانا قىزىل
بۆكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن پۈتۈن بىر كۈن نېمە ئىش قىلغاندۇ؟»

ئۇنداقتا، قىزىل بۆك ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق
ئوخشاش بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈش
كېرەك؟ گەرچە ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا چەتكە قاقمىسىمۇ،
ئەمما بىز يەنىلا بىر قىسىملىرىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ
قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئېنىقكى، مەلۇم
ئايرىم ئالاھىدىلىكلەرگە (مەسىلەن، قىزىل رەڭلىك بۆك ياكى مۇ-
رىنچە يېپىنچىۋالىدىغان باش كىيىم، ئەمما بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئە-
مەلىيەتتە مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋارىيانتلاردا ئۇچرىمايدۇ) ئاساس-
لانغان قۇياش تەلىماتى ۋە باشقا بىر قىسىم چۈشەندۈرۈشلەر گۇمان-
لىق. روھىي ئانالىز چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ تېخىمۇ چەكلىك دائىرى-
سىدە، بىز بىر قىسىم زىددىيەتلەرنى ناھايىتى ئېنىق بايقىدۇق. فروم
بۇ چۆچەك ئىككى جىنسنىڭ كۈرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قا-
رىدى. روخېم بۇ چۆچەك ئاساسىي جەھەتتىن ئەڭ دەسلەپكى ئانى-
سىغا ئامراق بولۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھالەت ئېپادى-
لەنگەن چۆچەك، تەكتلەيدىغىنى بولسا بوۋاقلارنىڭ كالپۇك ھۇجۇ-
مى دەپ قارىدى. بولۇپمۇ بېتېلخېم مۇنداق بىر تېمىنى ئىنكار
قىلدى، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئەسلەپ باقايلى، يەنى قىزىل بۆك
لەۋزىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشتىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇنىڭدا «ھېچقان-
داق لەۋزىنى بۇزۇش ئارزۇسى(نەپسى) يوق» دەپ قارايدۇ. بېتېل-
خېم قىزىل بۆك ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئانىغا ئامراق بولۇش ياكى
دادىغا ئامراق بولۇش چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قول-
لايدۇ. ئەلۋەتتە بىز، باللار چۆچەكنى چۈش بىلەن ئوخشاش
بولۇپ، كۆپ سەۋەبلىك بولىدۇ، يەنە ئۇلار بىر سەۋەبتىن بارلىققا
كەلگەن ئەمەس، دەپ قارىساق بولىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق
ئىكەن، بىر ئالاھىدە چۆچەك ئانىغا ئامراق بولۇش (بۇ مىسالدىكى
دەل كالپۇك ھۇجۇمى) تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ.

فولكلور ئىلمى تەمىنلىگەن ئەۋزەللىكتىن قارىغاندا، بۇ
يەردە دەلىل كەلتۈرۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى چۈشەندۈرۈش-
لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىزىل بۆكنىڭ ئىشلەتكىلى بولىدىغان بارلىق
ئاغزاكى تېكىستلىرىدىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ. مەسىلەن، بۇ چۆچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان روھىي ئا-
نالىز چۈشەندۈرۈشلىرى (باشقا ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەر) نىڭ
ھەممىسىدە جۇڭگو، ياپونىيە ۋە چاۋشيەندە بايقالغان ئاساسىي
چۆچەك تۈرىدىكى نۇرغۇن ۋارىيانتلاردىن پايدىلانمىغان. بۇ
چۆچەك ياۋروپالىقلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش
بىلەنلا چەكلەنگەن دېگەن كۆز قاراش، مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئاسىيا
قىتئەسىدىمۇ بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

MIRAS

غان پاكىت بىلەن ئۆز ئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئا-
دەتتىكى فولكلور ھادىسىلىرىنى، بولۇپمۇ بالىلار چۆچەكلىرىنى ياۋ-
روپا مەركەز ئۇسلۇبى بويىچە تەتقىق قىلىش دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن بايقالغان ئوخشاش مەنبەلىك چۆچەكلىرىنى تەكشۈرۈش
جەريانىدا ناھايىتى زور مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ.

مېنىڭ كۆز قارىشىممۇ ئەلۋەتتە بۇ چۆچەك ھەققىدىكى ھەر
خىل روھىي ئانالىز ماقالىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، يەنى ئۇ-
مىدۋار ئوي ۋە چېكىنىشنىڭ (ئۆزگىرىشنىڭ) كۆپ مىقداردا مەۋ-
جۇتلۇقىغا ئىشەنچىم كامىل. باش قەھرىمانى ئايال بولغان ھەرقان-
داق بىر بالىلار چۆچىكىدە بىر ئايال رەقىب بولىدۇ. شۇڭا مەن
ۋېردېرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قوللاشقا مايىل، يەنى ماھىيەت جە-
ھەتتىن بۇ چۆچەكتە قىز بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى دەۋرى تولقۇ-
نۇش ئىپادىلەنگەن (مومىسى بولسا ئانا ئوبرازىنىڭ بىر خىل كې-
ڭەيتىلگەن شەكلى). ئەمما، ۋېردېر پەقەتلا قىزىل بۆكتىن بۇ خىل
تولقۇنۇشقا نەزەر سالغان، مېنىڭچە پېروپنىڭ مودېلىدىن پايدىلى-
نىپ ئويلىغاندا، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ رىقابىتى بارلىق ئاغزاكى
چۆچەكلەرنىڭ ئۆلچەملىك ئالاھىدىلىكى. شۇڭا ياش قىز چوقۇم
رەزىل ئۆگەي ئانا ۋە جادۇگەر موماي بىلەن كۈرەش قىلىشى،
ياش ئوغۇل بولسا ئەركەك ئەجدىھا ياكى گىگانت ئادەم بىلەن
ئېلىشىشى كېرەك. ئادەتتە ھامىينىڭ جىنسىي سالاھىيىتى كۆپ ئۆز-
گىرىشچان بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا بۇ يەردە ئاجرىشىپ كەتكەن
ئاتا - ئانىنىڭ ئوبرازى بار. ئەمما «ئاياللار باش قەھرىمان قى-
لىنغان» بالىلار چۆچەكلىرىدە، بۇ ئوبراز چېشى جىنسلىق بولىدۇ
(مەسىلەن، بىر ئىنەك)، ۋەھالەنكى «ئەرلەر باش قەھرىمان قىلىن-
غان» بالىلار چۆچەكلىرىدە بولسا بۇ ئوبراز ناھايىتى ياراملىق،
ئەقىللىق بىر بوۋاي بولۇپ چىقىدۇ.

قىزىل بۆك چۆچىكىدە، بىز ئايال باش قەھرىمان بىلەن
ئۇنىڭ ئايال رەقىبى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقايمىز. چۆچەكنىڭ
بېشىدىلا ئانا يالغۇز قىزىنى بىخەتەر ئۆيىدىن ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ
خىل مەجبۇرىي ئايرىۋېتىش (سۈتتىن ئايرىش بىلەن سېلىشتۇرۇپ
بېقىڭ) ئاقىۋەتتە قىزچاقنىڭ مومىسى (ئاپىسىنىڭ ئاپىسى)نىڭ گۆ-
شىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر
بىز ئۆپكىمىزنى بېسىپ ئويلىنىدىغان بولساق، ئانىنى ئېمىش بىر
خىل ئانىسىنىڭ گۆشىنى يېيىش شەكلى ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئارقى-
لىق بالىنىڭ زۆرۈر بولغان ئانا سۈتىنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئېرىشىدىغانلى-
قىنى كۆرۈپ يېتىمىز. قىزىل بۆكنىڭ ئاغزاكى ۋارىيانتلىرىدا، ئايال
باش قەھرىمان مومىسىنىڭ قېنىنى ئىچىپ گۆشىنى يەيدۇ، بۇ شەك -
شۈبھىسىزكى قىزچاقنىڭ كالپۇك ھۇجۇمى ھەرىكىتىدۇر. يەيدىغانى

يەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال كىچىك تەرەت قىلىش ئۈستىكى تۇغۇ-
لىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن بالىلىقتا قايتىش ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ يەردە
بىز تۇنجى قېتىم تەتۈر ياكى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن تەپەك-
كۇر يۈنىلىشى بويىچە مەسىلىگە نەزەر سالدۇق. بىۋاق كارنىۋاتقا
سىيۋەتمەكچى ئەمەس، بەلكى بۆرە موماي بالىنى شۇنداق قىلىشقا
كۈشكۈرتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭ - كىچىك تەرەتنى
قانداق قىلىش ھەققىدە تەربىيىلەنگىنى بالا، ھەرگىزمۇ ئاتا - ئانا
ئەمەس. قىزىل بۆك چۆچىكىنىڭ بۇ خىل مەقئەت تەركىبى ئوبزور-
چىلارنىڭ دىققىتىنى زادىلا قوزغىمىغان، بۇنىڭ تەخمىنىي سەۋەبى
پېرو ئۆزىنىڭ ۋارىيانتىدىن بۇ خىل «قوپال» تەركىبلەرنى قەستەن
چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

قىزىل بۆكنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشى مومىسىغا يېمەك-
لىك ئاپىرىپ بېرىش سەۋەبىدىن باشلانغان. خۇددى روخېم كۆر-
سىتىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، بالا ئاتا - ئانىسىنى يېمەكچى ئەمەس،
بەلكى ئەكسىگە ياندۇرۇپ قارىساق، ئاتا - ئانىسى بالىسىنى يې-
مەكچى بولىدۇ. بىرگە بىر قىساس ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، ئې-
چىرقاپ كەتكەن ئاتا - ئانا ئېغىزىغا قويۇلغان قايناق سۇيۇقلۇق
سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ. ھەتتا گرىمنىڭ بۇ چۆچەكنىڭ ۋارىيانتىغا
قوشقان ئالاھىدە تولۇقلىمىسىدىمۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىغان
بۆرە ئوخشاشلا كالپۇكنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئالدىنىدۇ. قىزىل
بۆك مومىسىنىڭ دېگىنى بويىچە تۈنۈگۈن كالباسا پىشۇرغان ئو
قۇرغا سۇ قۇيىدۇ. بۆرە كالباسانىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئۆگزىدى-
كى ياتقان يېرىدىن بىر سەكرەپلا كالباسانىڭ سۈيىگە چۈشۈپ كې-
تىدۇ ۋە تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

قىزىل بۆك چۆچىكىنىڭ ئاغزاكى ۋارىيانتلىرىدا تىلغا ئېلىن-
غان كالپۇك، مەقئەت ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان جىنسىي ئەزا
قاتارلىق تېمىلار روھىي ئانالىز نەزەرىيىسىنىڭ بۇ چۆچەككە
تەدبىق قىلىنىشىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگو،
ياپونىيە ۋە چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەردە تارقالغان چۆچەك ۋا-
رىيانتلىرىدا يەنە ئاچا - سىڭىللارنىڭ رىقابەتلىشىش تەركىبى قو-
شۇلغان، بۇنىڭدا ئەر باش قەھرىمان ياكى ئايال باش قەھرىمان-
نىڭ ئاچا - سىڭىللىرى ئادەم يەيدىغان يالماۋۇز خوتۇن تەرىپى-
دىن يەپ كېتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل بۆك چۆچىكى بالىلارچە خىياللار-
غا تولغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشىمىزغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.
مەن ئىشىنىمەنكى، قىزىل بۆك چۆچىكىنىڭ بالىلارچە ئالاھىدىلىك-
لىرىنىڭ ئىسپاتلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئالىملاچان قولنى سو-
زۇپلا ئالغىدەك بولۇپ قالدى، ۋەھالەنكى فولكلورشۇناسلار ۋە
ئەدەبىياتشۇناسلار ئالىملاچان بۇنداق پاكىتلارنى ئويلاشماسلىقنى

قارار قىلغان. مەسىلەن، خۇددى ئادەم يېيىش ئادىتى بار دەك ئانىسە-
نىڭ تېنىنى چىشلەپ يېيىش، كارىۋاتقا سىيىش، ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆ-
گىنىۋاتقان كىچىك بالىلارنى باغلاپ قويىدىغان يىپ (بۇ قىزىل
بۆكنىڭ تېخى ناھايىتى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ
بېرىدىغان بېشارەت)، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل بۆكنىڭ
«كىچىك» دەپ چاقىرىلىشى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. كې-
تابلارغا قىستۇرما رەسىم ئىشلىگۈچىلەرمۇ قىزىل بۆكنى ياشلىق مەز-
گىلىگە يېقىنلاشقان سەبىي قىز چاق سۈپىتىدە سىزغان، ئەمما خۇددى
پېررو ۋە ئاكا- ئۇكا گرىملار «كىچىك قىزىل بۆك» دەپ ئالغىنىغا
ئوخشاش، ئۇنىڭ مەركىزىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان
ئىسمى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بالىلارچە ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشىغا
تۈرتكە بولغان. ۋەھالەنكى بۇ يىپ ئۇچلىرى ئوبزورچىلارنىڭ دىققى-
تىنى قوزغىمىغان، بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبى شۇكى، ئۇلار بالىلار چۆ-
چەكنى روھىي ئانالىز ئىلمى بويىچە چۈشەندۈرۈشنى رەت قىلغان.

بەزى كىشىلەر بەلكىم، بۇ چۆچەكنى روھىي ئانالىز ئىلمىدىن
پايدىلىنىپ چۈشەندۈرگەنلىك، ئۇنى ئەسلىدىكى بىر قاتار بالىلار-
چە ئارزۇ - ئارمانلارغا قايتۇرۇش ئارقىلىق، چۆچەككە بۇزغۇنچە-
لىق سېلىش، دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ
سەمىدە بولۇشى كېرەككى، بىز بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتى باش-
لانغان چاغدا سەبىي بالا ئىدۇق، شۇنداقلا ئۇنى بالىلار چۆچەك-
لىرى شەكلىدە ساقلاپ قالدۇق، ھەتتا بىز بالىلارچە ئارزۇ - ئار-
مانلىرىمىزنى ياكى قورقۇنچلىرىمىزنى تەبرىكلىسەك بۇنىڭ ھېچ-
قانداق خاتا ياكى بىنورمال يېرى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلار
(ئۇلار مەيلى قانچىلىك چوڭ بولسۇن) ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئال-
دىدا بالىغا ئايلىنىدىغانلىقى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر
قانۇنىيەت. يوغان ئەرلەر ۋە ئاياللار سەبىيلەرنىڭ نەزەرىدە ئاتا-
ئانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ خىل چۆچەك شەكلى سىمۋول-
لۇق ئىپادىلەش جەھەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە نىقابلانغان، شۇڭا
چۆچەكنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە ئىزدەنگۈچى چوڭلارلا
بۇلارنى كۆرمەسكە سالالايدۇ ياكى ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى بالىلار-
چە خىياللىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. پېررو پەقەت بۇ چۆچەكنىكى
قوپال ياكى بىدئەت دەپ قارىغان تەركىبلەرنىلا چىقىرىۋېتىشنى
قارار قىلغان، ئەمما چۆچەكنىڭ ئاساسىي شەكلى خۇددى ھەقىقىي
فولكلورغا ئوخشاش يەنىلا مەۋجۇت.

قىزىل بۆك چۆچىكىدىكى ئاگىسىزلىققا ئائىت مەزمۇنلار پېررو
ياكى ئاكا- ئۇكا گرىملار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئەمەس،
قىزىل بۆك چۆچىكىنى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەن،
تەقلىد قىلىنغان كۆپلىگەن قىسقا ھەجىملىك چۆچەكلەر، شېئىرلار ھەتتا
كارتونلار خەنس. رىتىز (Hans Ritz) نىڭ «قىزىل بۆكنىڭ تارىخى
ـــ چۆچەكنىڭ مەنبەسى، پارچىلىنىشى ۋە تەقلىد قىلىپ ئۆيلىنىشى» (
1981)، جەك. زىيپىسنىڭ «قىزىل بۆكنىڭ سىناقلىرى ۋە ئازابلىرى»
(1983) ۋە ۋولفگالڭ. مىيېدېر (Wolfgang Mieder) نىڭ «قىزىل
بۆكنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى قالدۇق شەكىللىرى» ناملىق
ماقالىلەردە ئاللىقاچان تىلغا ئېلىنىپ ئۆتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى
قىزىل بۆك چۆچىكىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىيىتىدە قانچىلىك
ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، ھەتتا قىزىل بۆك چۆچىكى
ئىلمىي تەتقىقاتىنىمۇ بىر كۆڭۈل ئېچىش مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى.
خۇددى بىز خېينرىچ. ئې. كۇخلېبورن (Heinrich E. kuhleboen)
نىڭ «قىزىل بۆك ۋە سۇر بۆرە: چۆچەكتىكى ساختا ۋەزىيەت ۋە
خاراب بولغان مۇھت ھەققىدە» (1982) ناملىق ئەسىرىدە
كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇنىڭدا چۆچەك تەتقىقاتى ئارقىلىق
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان بىر قىسىم پروفې-
سورلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ چۆچەكتىن ئايرىلىپ چىققان بىر قىسىم شېئىر ۋە كارتون-
لارنىڭ روشەن بولغان جىنسىي مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ قېلىشىغا
نىسبەتەن ھېنىڭچە، پېررونىڭ ئاگاھلاندۇرۇش تىپىدىكى چۆچەك ۋا-
رىيانتىنىڭ ئەخلاققا ئۈندەش ئۈنۈمى ۋە ئاكا- ئۇكا گرىملارنىڭ
تەكشۈرۈپ تۈزەتكەنلىرى بۇ ئاغزاكى چۆچەكنىڭ يوشۇرۇن مەز-
مۇنلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توسۇپ قالالمىغاندەك قىلىدۇ.
قىزىل بۆك چۆچىكىنىڭ ئائىلىۋى توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن
ئالاھىدىلىكلىرى مەزكۇر چۆچەكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەدە-
بىي نۇسخىلىرىدىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى. گەرچە ئاغزاكى
تارقىلىپ يۈرگەن ۋارىيانتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مۇتلەق كۆپ سان-
دىكى بالىلار كىتابلىرىدا ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنلار ناھايىتى ئېنىق
بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق بالىلارچە مەزمۇنلار يەنىلا ئۆزگەرتىلگە-
نى يوق. پېررو ۋە ئاكا- ئۇكا گرىملار ئاللىقاچان بۇ چۆچەكنى قىس-
قارتىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئۇنى يوقىتالمايدۇ.
فولكلورشۇناسلارنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى ئېنىقكى، فولكلور خاتى-
رىگە ئېلىنغان ھامانلا قايتا مەۋجۇت بولمايمۇ قالمايدۇ. قىزىل بۆك
چۆچىكى فولكلور فانتازىيىسىنىڭ خۇشاللىققا ۋە پىسخىك ئىشارىسى-
گە ئىگە بۆلىكى. كەلگۈسى نەچچە ئون يىللاردا قىزىل بۆك چۆچە-
كى يەنىلا بالىلار ۋە چوڭلارنىڭ مۇھىم بىر ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالى-
دۇ ـــ تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئاشكارا بولغان ئاغزاكى ۋارىيانتى پېررو ۋە
ئاكا- ئۇكا گرىملارنىڭ مەشھۇر تېكىستىنىڭ كۆلەڭگۈلىرى ئىچىدە
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن.

**مۇناجىدىن مۇنەۋۋەر تەرجىمىسى**

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ۋاسى-
تىلىرى ئىنستىتۇتىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تېببىي بىلىملەر

**مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئۇيغۇر تېبابىتى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا جۇلالىنىپ تۇرغان شانلىق نامايەندە، بۈيۈك ئىختىرا بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكى، ئامانلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلگەن خاسلىققا ئىگە بىر ئىلىمدۇر، ئۇ، خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ تەن ساپاسىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى، تەكرار سىناقلاردىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن داۋالاش دەستۇرىدۇر.

بۇ خىل تېببىي ئىلىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تېببىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى، كۆپ يىللىق ئىزدىنىشى، جاپالىق تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇزاق يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكىدەك كامالىغا يەتتى. غەربچە داۋالاش ئىلمى بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بۇنچىۋالا گۈللىنىشى، غەرب تېبابىتى بىلەن رىقابەتلەشكىدەك تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ داۋالاش ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى، دورا مەنبەسىنىڭ كەڭ، سەرپىياتىنىڭ تۆۋەن، دورىلىرىنىڭ زىيانسىز (رېئاكسىيىسى يوق) بولۇشى قاتارلىق ئامىللاردىن بولغان.

ھەممىگە ئايانكى دىيارىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىسسىق، قۇرغاق تەبىئىي شارائىتى تېبابەت دورا خام ئەشيالىرىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسىپ ئالاھىدىلىكى، ياشىغان ئورنىنىڭ تەبىئىي ئوتلاق، ئورمان، ئۆسۈملۈك، باغۇ - بوستان، مېۋىزارلىق بولۇشى، ياۋايى ھايۋان، ھەر خىل قۇش تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنى دورا خام ئەشيالىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش، تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇرلار يەنە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بىر قىسىم مەدەن ۋە تاغ جىنسلىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتا پايدىسى بارلىقىنى بىلىپ يەتكەن، مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر خەلقى كۆپىنچە ھالدا ئۆز تېنىدە پەيدا

بولغان كىسەللەرنى ئۆزى داۋالاشقا ئادەتلەنگەن، ئامال بولمىغاندا ئاندىن ئەمچىنىڭ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان.

غەربچە داۋالاش ئومۇملاشقان بۈگۈنكى كۈندە شەھەر ۋە كەڭ يېزا قىشلاقلاردىكى ئاھالىلەر ئادەتتىكى كىسەللەرنى، جۈملىدىن زۇكام، يەل، قولۇنجى، قورساق ئاغرىش، يۇقىرى قان بېسىم دېگەندەك ئاغرىقلارنى باغ ـ ئېتىزلاردا، تاغ ۋە چۆللەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر، زىرائەت دانلىرى بىلەن داۋالاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشقاندا، تىنچلىق سوراشقاندا «تەنلىرى ساقمۇ؟»، «ئاغرىپ قالمىغانلا؟»، «ياخشى قوپتىلمۇ» دەپ ئەھۋال سورايدۇ.

مۇبادا قارشى تەرەپ «زۇكام بولۇپ قاپتىمەن»، «ئۇستىخانلىرىم ئاغرىيدۇ»، «قورسىقىمغا يەل تۇرۇپ قالدى» دېگەندەك ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلسا، ئەھۋال سورىغۇچى كىشى دەرھال: «چىلان بىلەن خام زەنجىۋىلنى دەملەپ ئىچىلسە زۇكام ساقىيدۇ»، «تولغاق بولۇپ قالغان بولسىلا ئاقباش ئوتنى سىقىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسىلە شىپا تاپىدىلا»، «ھەيز راۋان بولمىسا سىيادان بىلەن بەدىياننى قاينىتىپ ئىچىپ بەرسىلە راۋانلىشىدۇ»، «بۆرەكلىرىدە تاش بولسا كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىنى كۈنجۈت يېغىدا قورۇپ يېسىلە تاش چۈشۈپ كېتىدۇ...»، دېگەندەك دورىلىق قىممىتى بار نەرسىلەرنى، يېمەكلىكلەرنى ئىچىشكە، يېيىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

بۇ خىل ئوت ـ چۆپ، يەرلىك دورىلار بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى داۋالاش، باشقىلارغا دورا بۇيرۇش بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئومۇملاشقان بىر ئادەت بولۇپ خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ياخشىلاش، سالامەتلىكىنى ئاسراش جەھەتتە ئەجايىپ رول ئويناپ كەلمەكتە.

خەلقىمىزدىكى بۇ خىل تېبىبي ئادەت ۋە روھ يەن ساھەلىرىگە سىڭىپ، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئەكس ئېتىپ ئۇنىڭ خەلق ئە-

چىدە كەڭ دائىرىدە تارقىلىش ئۇنۇمى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇش، مەڭگۈ ساقلىنىش ئىمكانىيىتى ياراتتى. مەسىلەن، شاپتۇلنى ئەتىگەن يېسە سەپرانى كېسەر، كەچتە يېسە قورساقنى ئېسەر.

سىڭگىنى ئاش، سىڭمىگىنى تاش.

ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر، چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.

كۆڭۈلنى ياشناتقان ناۋا، ھاياتنى ياشناتقان ھاۋا.

ئۈجمە يېگەن سەھەر يېسۇن، چۈشتە يېگەن زەھەر يېسۇن.

ھەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىدىن نېرى كەت.

قازان كۆمىچى يېمەسمەن، ھېكىم لوقمان دېمەسمەن.

كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى يىغ.

ئاز يەپ كۆپ چاينا، ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلا.

كېسەلنى تاپىدۇ بۇغۇناق، ئارغامچىنى تاپىدۇ توقۇناق.

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە.

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر، دەردى يامان كۆيۈكتە.

ساپ ھاۋا تەنگە داۋا.

قورساق ئاغرىقلىق بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

كېسەل بولغاندا قاقشىغىچە، ساق چاغدا سەۋەب قىل.

چىش ئاغرىقى مېڭىنى يەيدۇ، قۇلاق ئاغرىقى تېڭىنى.

تىلىڭ كۆيسە مۇز يالا، ئىچىڭ كۆيسە تۇز (يالا).

ئوسمىنىڭ قېنىقى قاشتىن، ئادەمنىڭ قېرىشى ياشتىن.

تەن ساقلىق زور بايلىق.

باش كىرلەشسە تاز بولار، پاختا كىرلەشسە ماز.

نەپسى بالا، ئوتقا سالار.

تۇغۇلغان ھېساب ئەمەس، توختىغان ھېساب.

ئاغرىپ تۇرۇڭ، ئېغناپ تۇرۇڭ.

ئاغرىق تەننىڭ زاكىتى.

ئەل ساقلىقى يۇرت بايلىقى.

ئاچلىق بار يەردە ئاغرىق بار.

قايغۇ كېسەل پەيدا قىلار، خۇشاللىق شىپا قىلار.

ئاچ قورساققا يېسە مېغىز تېتىيدۇ، توق قورساققا يېسە سېغىز تېتىيدۇ.

كاللا يېگەن بەز يەر، ئۆپكە يېگەن يەل.

ئەركەك گۆشى ئەم بولۇر، ئۆچكە گۆشى يەل بولۇر.

خام سىڭگىچە، كۆيەك ئۆلگىچە.

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەر بىزگە نېمىلەرنى يېيىش پاكى يېمەسلىك، قانداق نەرسىلەر سالامەتلىككە پايدىلىق پاكى پايدىسىز، قانداق ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



روْش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەرگە ئىلمىي ئاساستا مەسلىھەت بېرىدۇ. سالامەت بولۇشنىڭ چارىلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئوزۇقلىنىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى يامان ئادەت، زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى بۇ خىل مەزمۇنلار تېببىي قانۇنىيەتلەرگە، ئىنسان ھاياتىنىڭ ساغلاملىق تەلەپلىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇندۇر. مەسىلەن، «ئەركەش گۆشى ئەم بولار؛ ئۆچكە گۆشى يەل بولار» دېگەن ماقالدە ئەركەش يەنى ياش پىچىۋېتىلگەن ئوغلاق گۆشىنىڭ بەدەن ئاجىزلىق، سوغۇق يەل كېسىلىگە شىپا قىلىدىغانلىقى، قېرى ئۆچكە گۆشىنىڭ ئادەم تېنىدە سوغۇق يەل پەيدا قىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ماقالدە ئىپادە قىلىنغان بېشارەتلەر بىزنىڭ ئوزۇقلىنىش تەجرىبىلىرىمىزنىڭ توغرۇلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىغا ئەركەش گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ، تائام تەييارلىشى شۇنىڭدىندۇر. يەنە «شاپتۇلنى ئەتىگەن يېسە سەپرانى كېسەر، كەچتە يېسە قورساقنى ئېسەر» دېگەن ماقالدىمۇ، شاپتۇلنى ئەتىگەن يېسە قاننى سوۋۇتۇپ، بەدەننى بوشىتىپ كەم مىجەز قىلىدىغانلىقى، كەچتە يېسە قورساقنى ئېسىپ بىئارام قىلىدىغانلىقى، چۈشتە يېسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە «سىڭگىنى ئاش، سىڭمىگىنى تاش» دېگەن ماقالدە ئاش - تاماقنى ھەزىم قىلىشىڭغا بېقىپ يە ۋە تاللا، بولمىسا ھەرقانچە ئالىي تائام، يەنى كۈنىگە گۆش، پولۇ، كاۋاپ بىلەن ئوزۇقلانساڭمۇ ئاشقازىنىڭ ئۇنى ھەزىم قىلالمىسا تاش يېگەن بىلەن باراۋەر، كۈنىگە زاغرا، ئۇماچ بىلەن ئۆتسەڭمۇ سىڭسە ئۇ ساڭا ئاش بولىدۇ، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. «قازان كۆمچى يېمەسمەن، ھېكىم لوقمان دېمەسمەن» دېگەن ماقال - تەمسىلدىمۇ كۆمەچ قازاندا كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇلغاچقا ھەزىم بولۇشى تەس، بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەرگە ئاسان سىڭمەيدۇ. ئۇنى يېمىسەڭ دوختۇرغا ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ، دېگەن بېشارەتنى بېرىدۇ. تېببىي مەزمۇندىكى بۇ ماقال - تەمسىللەر يۇقىرىدا قەيت قىلىنىپ ئۆتكەندەك ئەجدادلىرىمىز سالامەتلىكنى ئاسراش جەھەتتىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، قايتا - قايتا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پەيدا بولغان بولۇپ، قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىن ئىخچام، مەزمۇنلۇق، شۇنداقلا كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە، ئىلمىيلىككە ۋە شېئىرىي تۈسكە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقى ئەلمىساقتىن بۇيان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر خەلق بولۇپ، جاھانغا مەشھۇر تېببىي دەستۇرلارنى، ئاممىباب تېببىي بىلىملەرنى ئىجاد قىلىپلا قالماي، ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا خاتىرىلەشكە، يۇقىرىقىدەك ماقال - تەمسىل شەكلىدە بايان قىلىپ ئەل ئاۋامغا تارقىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

تېببىي ساۋاقلارنى مەزمۇن قىلغان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ تۈرى، سانى ناھايىتى كۆپ. ئۇ خەلقىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى ماقال - تەمسىللەرنى داۋاملىق يىغىش، توپلاش، ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىر مۇھىم ئىجادىي ئەمگەك بولۇپلا قالماي يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش، خەلقىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقىمۇ پايدىلىق.

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ پېنسىيونېرى)

## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2008 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئۇيغۇرلاردىكى ئۆتنە ـ بېرىم قىلىش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئۆتنە ـ بېرىم قىلىش ـــ باشقىلاردىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن مەلۇم بىر نەرسىنى ۋاقىتلىق ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇش بولۇپ، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشتۇر. ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشىش كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قوللاش، ئەمەلىي ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈشىنىڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھال ـ كۈنىنىمۇ ياخشىلىنىشنى، جەمئىيەتنىڭ پاراۋان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، سودا ـ سېتىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە بىر ـ بىرىنىڭ كەم ـ كۈتىسىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشىپ، تۇرمۇشىنىڭ زۆرۈر ـ ستەملىرىنى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى تەڭ تارتىشىپ، ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆم ـ ئىناقلىقىنى ئەلا بىلىپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل خەلقتۇر.

ئۆتنە ـ بېرىم قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئىگەشدىلەر ـــ كىشىلەر ئىشتا بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشتى»①. «ئۆتنۈ ـ ئۆتنە. مەن يارماق ئۆتنە بەردىم»②. «ئۆتۈنچ ـ ئۆتنە، قەرز. مەن ئۇنىڭغا يارماق ئۆتنە بەردىم»③. «بەرىم ـ بېرىم، قەرزىم». ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: «ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان»④. «ئازاقلاندى ـ ئاياقلاندى، ئاياقلىق بولدى. ئاياقلىق بولغان نەرسە. ئالىم كەچ قالسا ئازاقلىنۇر ـ ئېلىم كەچ قالسا ئۇنىڭغا پۇت چىقىدۇ، يەنى قەرز ئىگىسى قەرزنى ئۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ»⑤، دەپ يازىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن 1000 يىللار بۇرۇنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە باشقىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ياردەم قىلىش، ھەتتا زۆرۈر بولغاندا كىشىلەرگە پۇل ـ يارماق ئۆتنە بېرىش ياخشى ئىش، لېكىن ئۇنى ۋاقتىدا قايتۇرماسلىق، كىشىلەرنى ياردەم قىلغانغا تويغۇزۇش كېيىنكى ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنىڭ ئالدىنى توسىدىغان يامان ئادەت سۈپىتىدە قارىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشىش ئادىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. يېزىلاردا دېھقانلار دېھقانچىلىقنىڭ يىغىم ـ تېرىم مەزگىللىرىدە ئۆزىدە بار بولغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشىش قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدا تولا كۆرۈلىدىغان ئىش. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭراق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە لاپقۇتلىشىش ئادىتىمۇ بار. لاپقۇتلىشىش ـــ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئۆزلىرىدە بار ئوخشاش نەرسىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىشى، ئۆزئارا ئارىيەت ئېلىشى، ئىش ـ ئەمگەكتە ئۆزئارا ھەمكارلىششىدۇر. قولۇم ـ قوشنىلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىدە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراق قاتارلىق ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىملىرى بولغاندا بىر ـ بىرىگە قازان ـ قومۇچ، چىنە ـ قاچا، پەتنۇس، پىيالە... قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە لازىمەتلىكلەرنى ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشىدۇ. قوشنىلار ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ھەر خىل ئىش ـ پائالىيەتلەردە ھەمكارلىشىش قوشنا ھەققى سۈپىتىدە قارىلىدۇ ھەمدە قوشنىلار بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا ماتەم ـ مۇسىبەت ۋە ھەر خىل كېلىشمەسلىكلەر كەلسە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ، ئىشلەپ

چىقىرىش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى لاپقۇتلىشىش شەكلىدە تەڭ ئىشلىتىش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. يېزىلاردا ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ دائىرىسى شەھەرلەردىكىگە قارىغاندا كەڭرەك، چاقىرىلىدىغان ئادەم كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، مېھمانلارنى كۈتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى مۇراسىم ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە تولۇق بولۇشى ناتايىن. شۇڭا قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشى تەبىئىي بولىدىغان ئىش. ھەتتا بەزى قوشنىلار قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە بىرەر مۇراسىم ـ پائالىيەت بولسا قوشنىسىنىڭ «پالانچى نەرسىلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا!» دېگەن گېپىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىكى كەم نەرسىلەرنى ئۆز ئۆيىدىن ئېلىپ كىرىپ، قوشنىسىنىڭ شۇ پائالىيىتىنى خاتىرجەم، ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا خالىسانە ياردەم قىلىدۇ. پائالىيەت تۈگىگەندە ئاندىن ئەتىسى ياكى بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆتنە بەرگەن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، مېھمانلارنىڭ ياخشى ئۇزىدىغان ـ ئۇزىمىغانلىقىنى سورىغاچ، ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تونۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە شۇ مۇراسىم ئىگىسىمۇ قوشنىسىنىڭ پائالىيەتتە ياخشى ياردەملەشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە قوشنىسى ئېلىپ كىرگەن نەرسىنى (چىنە ـ قاچىلارنى) قۇرۇق قايتۇرمايدۇ، بىرەر قاچا تاماق ياكى مۇناسىپ بىر نەرسە بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قوشنىلار ئارا سورالغان نەرسىنى بار تۇرۇپ بەرمەيدىغان ئىشلار ئاز ئۇچرايدۇ. ھەتتا بەزى قولۇم ـ قوشنىلار بىر ـ بىرىدىن خېمىرتۇرۇچ ۋە تۇز دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇز ۋە ئاش ـ نانىنى مۇقەددەس، ئۇلۇغ نەرسە دەپ قارىغاچقا، بىر ـ بىرىدىن تۇز ئۆتنە ئېلىشقان قوشنىلار «پالانچىنىڭ ئاش ـ تۇزىنى كۆپ يېگەن!» دەپ ئۆزىنىڭ يېقىن ئۆتكەنلىرىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە ئۇنداق قوشنىلىرىنى چوڭ بىلىدۇ. ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئادىتى قولۇم ـ قوشنىلار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە بولغان ھەمدەملىكنى، ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، جىددىي، زۆرۈر بولغاندا بىر ـ بىرىگە ئەسقېتىشتەك ياخشى ئىشلارغا سەۋەب بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا «يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن ماقال كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئۆزى بىلەن بىۋاستە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان يات كىشىلەرنى (يېقىن كىشىلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق چاقىرىدۇ) چاقىرغاندا ئەدەپ يۈزىسىدىن كۆپىنچە پالانچى دادا، ئانا، ئاكا، ئۇكام، ئاچا، سىڭلىم، بالام... دېگەندەك تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىپ چاقىرىدۇ. بۇ بىر خىل كۆڭۈلنى يېقىن تۇتقانلىقنىڭ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك كۆرۈپ ئىززەتلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشىش جەريانىدىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

بەزى مەھەللىلەردە جامائەت ئورتاق پۇل چىقىرىشىپ مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ ياكى خۇسۇسىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن چوڭ قازان، تۆمۈر ئوچاق، داستىخان، لېگەن، پىيالە... قاتارلىق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، ئۇ نەرسىلەرگە ئۆز مەھەللىسىدىكى بىرەرسىنى ئىگە قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى لازىم بولغاندا جامائەتنىڭ، ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئادەت بار. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ئېڭى ۋە ئۇيۇشۇش ئېڭىنىڭ ئىپادىسى. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشىدىغان نەرسىلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى «بۇ ئالەم ـ ئۆتنە ئالەم»، «كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالماس»، «ياخشىغا بەرسەڭ ھەم ئۆتەر، ھەم كېتەر، يامانغا بەرسەڭ ھەم كېتەر، ھەم گەپ ئېتەر»، «قەرزى يوق گاداي، شاھزادىدىن ئازادە» دېگەن بۇ ماقاللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىم ـ بېرىم، ئۆتنە ـ يېرىم ئىشلىرىدىكى ئەخلاق نورمىلىرىغا بولغان تونۇش، ئىشەنچ ـ ئەقىدە ۋە ئادەتلەرنى روشەن ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار كىشىلىك تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىدىن ئۆتنە ئالغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ قايتۇرماي قېلىشتىن ياكى ئۆتنە ـ يېرىم ئىشلىرىدا، ئېلىم ـ بېرىمدە كەم ـ زىيادە بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «ئۆتنە ئالەم» دېگەن بۇ سۆز ھېچكىمنىڭ ھەققى ھېچكىمدە قالمايدىغانلىقىنى، ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى، ئەجرىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. باشقىلاردىن ئۆتنە ئالغاندا ‹پالانى ۋاقىتتا قايتۇرىمەن!› دەپ ئېلىپ، ئۇنى ئالاھىدە سەۋەب بولمىسىمۇ دېيىشكەن، ئۆزى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا بەرمەي كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش كاززاپلىق، يالغانچىلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق سۈپىتىدە جەمئىيەت ۋە ئاممىۋى ئەخلاق تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى بىر ئېسىل ئەخلاقىي ئەنئەنە سۈپىتىدە سىجىل داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ياخشى ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىزاھاتلار:

①، ②، ③، ④، ⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 176 ـ، 177، 252 ـ، 532 ـ، 386 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)



# ئۇيغۇرلارنىڭ مازارغا تېۋىنىشى توغرىسىدا

ئابدۇجېلىل قۇدرەت

ئەجدادلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن بۇ زېمىندا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان بۈيۈك ئالىملىرىمىز، ۋەتەن، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، پىداكارلىق كۆرسەتكەن قىزلىرىمىزنىڭ مازار قەبرىلىرى (ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىن يېتىپ كەلگەن نامايەندىلەر) ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، زاماندىن ـ زامانغا ئۇلىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ مازار ـ قەبرىلەر بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەبىنى، ياشاپ ئۆتكەن دەۋر ـ شارائىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ئەجدادىمىزدىن مىراس ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا قىممەتلىك روھىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

«مازار» تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «مەزار» يەنى «زىيارەت قىلىش ئورنى»، «يوقلاش ئورنى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئىستېمال مەنىسىدە بولسا بۇ سۆز «زىيارەتگاھ» (ھازىر تىلدا زاراتگاھ ياكى زاراتلىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ) ۋە «تۇپراق بېشى» دېگەن ئاتالغۇلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تۇپرىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدىكى ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخلارغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش ۋە ئۇلاردىن مەدەت تىلەش ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش ئېڭى، ئەينى دەۋردە ئۆتكەن ھەقىقىي شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇلۇغلاش ۋە خاتىرىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ، كېيىنكىلەرنىڭ نەزەرىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈش نەتى-

www.uyghurkitap.com



جىسىدە شەكىللەنگەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم سىپېنسېر ئۆزىنىڭ دىنشۇناسلىققا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىپ شۇنداق دەيدۇ: ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىشىلەر دەپ قارالغان، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدا دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرى، بۇيرۇقلىرى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مۇقەددەس دەپ قارالغان. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس شەجەرىسى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئامالنىڭ بارىچە ياد ئېتىپ كېلىنگەن، كىمكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بىللە تېۋىنىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان ۋە كەڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكىسى قادىر تەڭرى، باشقىلىرى بولسا قارام تەڭرىلەر ھېسابلانغان[1].

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئۇرۇقداشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى ۋە ئۇرۇش قەھرىمانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار چوقۇنۇشتىكى ئاساسلىق ئوبيېكتلار ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئىپتىدائىي كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ئورۇن ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار «مۇقەددەس كىشىلەر» دەپ قارالغان. ئۇلار ھاياتلىقىدا ھۆرمەتلەنگەن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇرلاردا ئانا ئۇرۇقنىڭ چوقۇنغۇچى مەبۇدە سۈپىتىدە ئايال تەڭرى، ئەسما پەرى، ئۇماي ئانا ۋە تۇمارىس قاتارلىقلار؛ ئاتا ئۇرۇقنىڭ چوقۇنغۇچىسى سۈپىتىدە بايات (ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنى تەشكىللىگۈچى ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ نامى)، ئالىپ ئەرتۇڭا (ئاپراسىياپ)، شىراق، بۆكۈ خاقان، ئوغۇزخان، قۇرقۇت ئاتا قاتارلىق شەخسلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تېۋىنىدىغان قەھرىمانلارغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش بىر خىل مىللىي ئىپتىخارلىق چۈشەنچىسى سۈپىتىدە قارالغان.

ئەجدادلىرىمىز تېۋىنىپ كېلىۋاتقان ئۆز جەمەت كىشىلىرىنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ روھلىرىنىڭ ئۆلمەي يەنىلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ، ئاۋۋالقىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ھەقتە ئالىم مەھمۇد قەشقىرى شۇنداق دەپ يازىدۇ: «كېچىلىرى تېگى گۈڭ - گۈڭ ئاڭلىنىدىغان ئاۋازغا تۈركلەر شۇنداق قارايدۇكى، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ھەر يىلى بىر يەرگە توپلىنىپ ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ياشىغان شەھەرلەرگە كېلىپ شەھەر ئاھالىسىنى زىيارەت قىلىدۇ، كېچىلىرى گۈڭ - گۈڭ ئاۋازغا كىم يولۇقۇپ قالسا شۇ ئۆلىدۇ، بۇ تۈركلەردە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە»[2].

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ روھلىرىغا ئاتاپ ھەر دائىم، ھەر خىل شەكىلدىكى دۇئا - تىلاۋەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، نەزىر - چىراقلارنى قىلىپ ئەجداد روھلىرىنى ئەسلەپ تۇرغان. بۇ ھەقتە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچىلەرنىڭ قەبرە بېشىغا ‹بالبال› (تاش ھەيكەل) تىكلەيدىغان، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان، قەبرە بېشىغا ئات - قوچقارلارنىڭ كاللىسىنى، مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان، ئۆلگۈچىگە ھازا ئاچقاندا پىچاق بىلەن يۈزىنى تىلىپ ۋە تاتىلاپ، قان ياش ئاققۇزىدىغان ئادەتلەر بولغان»[3].

ئۇيغۇرلار ئەجداد روھلىرىنىڭ ئۆز قوۋملىرىنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ياشاپ ئۆتكەن تۇرار جايلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ناۋادا ئەجداد روھىنىڭ تۇرار جايلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۆز قوۋملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ ياكى پالاكەت باسىدۇ، دەپ قارىغان.

قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئۇيغۇر ئەجداد روھىغا چوقۇنۇشنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى. ئىپتىدائىي ئۇيغۇرلار قەھرىمانلارغا تەبىئەتتىن ھالقىغان روھىي كۈچ سۈپىتىدە، غايىۋى شەخس، باھادىر، قوۋملىرىنى قوغدىغۇچى پاسبان، باتۇرلارنىڭ سەركەردە نەمۇنچىسى سۈپىتىدە چوقۇنغان. باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇشنى مەنبە قىلغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلىدىن ئىبارەت، باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشى ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇق قەبىلىلەر ئارا يۈز بېرىپ تۇرغان قانلىق كۈرەشلەر داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى سىياسىي ئاڭ، ھۆكۈمرانلىق ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مۇشۇ خىل ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىدا ياۋدىن قورقماسلىق، ياۋ بىلەن بولغان كۈرەشلەردە غەلىبە قىلىش، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن قۇربان بېرىپ باتۇرلار روھىغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋارلىق ھېسسىياتى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، كىشىلەر ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. جۇڭگو ئەدەبىيات پېشۋاسى ماۋدۇن «رىۋايەتتىكى مىللەت قەھرىمانلىرىمۇ تەبىئىكى

ئەپسانىدىكى ئىلاھلارغا ئوخشاشلا توقۇپ چىقىرىلغان بولىدۇ، ۋەھالەنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە بۇ قەھرىمانلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئىلاھلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادى ياكى دۆلەت بەرپا قىلغان پادىشاھ ـ خاقانلىرى بولۇپ سانالغان، شۇڭا رىۋايەتنىڭ خاراكتېرى تارىخىي تەزكىرىلەرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقى»④ دەپ يازىدۇ. ئېيتايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تۇمارىس، چاشتانى ئىلىك بەگ، ئالىپ ئەرتۇڭا(ئافراسىياپ)، شىراق ۋە ئوغۇزنامە قاتارلىق رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باتۇر شەخسلەر چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇلار يۇقىرىقى سۆزىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى تىپىك قەھرىمانلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېڭى ۋە ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش ئېڭىدىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى مازارلارغا تېۋىنىشى**

1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مازارلارغا تېۋىنىشى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ ئۇنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشقا باشلىغان. ئەمما يەنىلا ئەنئەنىۋى تېۋىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. بەلكى بۇ خىل تېۋىنىش ئىسلاملاشقان مازار تاۋابى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان. شۇنىڭ بىلەن شامان ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدىكى ئەجدادلار روھلىرىغا تېۋىنىش جەھەتتىكى قىسمەن ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار ئەينى دەۋردىكى مازار، قەبرىلەرنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۇلارنى دائىم يوقلاپ تۇرىدىغان، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئېتىكاپخانىلارنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلىش، ھاياتلىقتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈشنى، بىمارلارنىڭ كېسەلگە شىپالىق بېرىشنى، بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق قايغۇ ـ ئەلەم مۇشكۈللۈكلەرنى مازارلارغا ۋە روھلارغا تېۋىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئارام تاپقۇزغان. بولۇپمۇ، مازارلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى زىيارەتلەر، ئۇلۇغ روھلاردىن مەدەت تىلەش، يامغۇر تىلەش، مازاردا قان قىلىش، مازارغا چىراغ يېقىش، تۇغ ـ ئەلەملەرنى باغلاش، دەرەخلەرگە تېۋىنىش قاتارلىقلار شامان دىنىنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالغانلىرىدۇر⑤.

ھازىرغىچە شامان دىنىدىكى ئانىزىم چۈشەنچىسىدىن قېپقالغان «قۇشلاردىمۇ روھ بار» دەپ قاراپ، قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلارنى ئۇلۇغلاش، كىچىك بالىلار ئاغرىپ قالسا ئۇلارنى يوداش، يامان روھلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بويىنىغا تۇمار ئېسىپ قويۇش، ئىشلىرىنىڭ راۋان يۈرۈشۈشى، تەلىيىنىڭ ئوڭ كېلىشىنى دەپ بويىنىغا بۆرە ئوشۇقى ئېسىۋېلىش، بارات ئېيىدا ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ (ياغ) زىدە پۇرىتىش، مازار ـ قەبرىلەردىكى شادىلارنى (تىرەك قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ تۈز ئۆسكەن شېخىنى كۆرسىتىدۇ) يېڭىلاش، قوۋۇم ـ قېرىنداشلىرى ۋاپات بولسا تەلپەكنى، جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ قوشاق ئېيتىپ يىغلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەت چۈشەنچىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى قاراخانىلارنىڭ شاھزادىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تاغىسى ئوغۇلچاقتىن خانلىقنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ ئاۋام خەلقنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا، ئىسلام يولىنى تۇتۇشقا چاقىرىق قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (مىلادى 955 ـ 956 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى داۋاملىق تۈردە ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، كەڭ تۈردە تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرىپ، زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلگەن. ئىسلام دىنى قەشقەردە ئومۇمىي ئېتىقاد قىلىدىغان دىن قىلىپ رەسمىي تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش يولىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن. بولۇپمۇ قاراخانىلار ۋە ئۇلارغا ياردەمگە كەلگەن ئەرەب ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق يىللار دىنىي ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە قاراخانىلار غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان ئىسلام لەشكەرلىرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنداق ئۆلۈپ كەتكەنلەر «شېھىت» دەپ ئاتىلىپ شۇ جايغىلا دەپنە قىلىنغان ھەممە قەبرىلەر قاتۇرۇلۇپ، تۇغ ـ شادىلار قادىلىپ، بۇ

يەرلەر ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا ئايلىنىپ «مازار بۇزۇرۇكۋار» ياكى «شېھىتلىك» دەپ ئاتالغان. بۇنداق مازارلار قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى جايلاردا ناھايىتى كۆپ ، يەنى، قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان «ئەلى ئارسلانخان مازىرى»، يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارەك يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان «يۇسۇپ قادىرخان مازىرى»، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسىغا جايلاشقان «زوڭلاڭ مازىرى» (ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر شەخسلەردىن جالالىدىن، كاسسار، مۇھەددىن ئىمام ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوسمان بۇغراخان قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان جاي) ⑥.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۇملىدىن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى كەڭ تۈردە تارقىلىپ، مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مازار ـ ماشايىخلارغا تاۋاپ قىلىش، گۇمبەز قەبرىلەرنى كاتتا ياسىتىش، مازارلارغا ئېتىكاپخانا سالدۇرۇش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مازارلارغا تېۋىنىش بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

2) خوجىلار دەۋرىدىكى مازارلارغا چوقۇنۇش ۋە تاۋاپ قىلىش

14 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۆزلىرىنى سەئىد ئەۋلادى (پەيغەمبەر ئەۋلادى) دەپ ئاتىۋالغان خوجىلار دىيارىمىزغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپى ـ ئىشانچىلىق مەزھىپىنىڭ دىني رەھبەرلىرى ۋە سۇلۇك تارقاتقۇچىلىرى ئىدى. خوجىلار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە كېڭەيتىشتە تۆھپە قوشقان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇزاق مەزگىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئارقىلىق ئەزەلدىن قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ روھلىرىغا تېۋىنىدىغان ساددا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋالغان، خوجا ـ ئىشانلار مۇرىت قوبۇل قىلىپ، ئۆز سۇلۇكىنى تارقىتىشقا باشلىغان. خوجىلار شىنجاڭدا ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشىپلا قالماستىن بەلكى يەنە سىياسىي ھاكىمىيەتكىمۇ ئارىلىشىپ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ھەتتا خانلارمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خوجا ئىشانلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئۇلارنىڭ بەلگىلەپ بەرگىنى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ھالەتكە يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىن چەتنىگەن ھالدىكى پەقەت مازار ـ ماشايىخلارغىلا چوقۇنۇپ ئۇلاردىنلا ياردەم تىلەش كەڭ ئەۋج ئېلىپ، ھەقنى سۆزلىگەن، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كەبى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلار «بىدئەتچىلەر، ئىمانسىزلار» دەپ قارىلىپ شۇ ھامان تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. نەتىجىدە كىشىلەر ئەجداد روھىغا تېۋىنىشتىن، قەھرىمان ، باتۇرلارنى ياد ئېتىشتىن، رىياكار، قارا نىيەت خوجىلارغا چوقۇنىدىغان ھەتتا ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا چوقۇنۇپ تاۋاپ قىلىدىغان ھالەت مەيدانغا كەلگەن.

### 3. ھازىرقى شارائىتتا مازار ـ قەبرىلىرىمىزنى زىيارەت قىلىش ۋە يوقلاشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

ئۇيغۇرلاردىكى ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش ۋە مازار ـ ماشايىخلاردىن مەدەت، ياردەم تىلەش بىر قەدەر كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامنىڭ ئەسلىي كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭ بىر ساختا ئەقىدە ئىكەنلىكى، رىياكار، قارانىيەت خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى، ھەرقانداق ئادەم ياكى شەيئىگە چوقۇنۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، قەبرە بېشىدا باش ئۇرۇش، قەبرىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتەك ئىشلار ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلىنىدۇ ۋە ئەيىبلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مازارلارغا چوقۇنۇش، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش، بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنى تىلەش ئىسلامغا مۇخالىپ ئەقىدىلەردۇر.

نۆۋەتتە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا زور ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلگەن. پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ئاڭنىڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ جاھالەت ئىزلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، ئالدامچى ـ كاززاپلار يوقىتىلغان ۋە ئەقىدە رۇسلانغان شارائىتتىمۇ، يەنە قىسمەن چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئازراق كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسىلا مازارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ تېۋىنىدىغان، بىر نەرسىسى ئوغرىلىنىپ كەتسە «شاخ يېرىش» ئۈچۈن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ مازارلارغا بېرىپ مازارلىقتىكى شاخنى يېرىپ ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولۇشنى مازاردىن تىلەيدىغان، بەزى ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئۈمىدىدە مازارلارغا بېرىپ مازارلىقتىكى كونا دەرەخلەرنى قۇچاقلاپ پەرزەنت تەلەپ

قىلدىغان، مازارلىقتىكى دەرەخلەرگە قول شىلتىسا قولى قۇرۇپ كېتىدۇ، ئۇنى كېسىۋەتسە پۇت ـ قولى يىغىلىپ قالىدۇ، دەپ قارايدىغان ۋە پالچىلىق (رەمچىلىك، قۇرئانداز-لىقمۇ دېيىلىدۇ) «دەمىدە قىلىش»، «ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىش» قاتارلىق خۇراپىي كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قىسمەن كىشىلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلىرىدا مەلۇم ساندا ساقلانماقتا.

نۆۋەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ، ئىدىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە غەيرىي دىنلاردىن قېپقالغان بىدئەت ـ خۇراپىي كۆز قاراشلار ۋە ئادەتلەر كىشىلەر نەزەرىدىن بارا ـ بارا يىراقلىشىپ ئەقىدە رۇسلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىگاھلىرىنى روھىي مەدەت سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ساياھەت قىلىش ھېسابىدا بولسىمۇ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەش، خاتىرىلەش مەقسىتىدە يىلدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ زىيارەت قىلىشتەك ئەقەللىي ئادىمىلىك بۇرچىنىمۇ يىراقلىشىپ كەتمەكتە. ھازىرقى ياشلىرىمىز، جۈملىدىن خېلىلا سەۋىيىسى بار زىيالىي سۈپەت كىشىلىرىمىزنىڭمۇ تېخىچە ئەينى دەۋرلەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى ھېسابلانغان ئالىم، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ۋە باتۇر قەھرىمانلىرىمىزنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇ زاتلىرىمىزنىڭ مازار قەبرىگاھلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەينى دەۋرلەردە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بۇنداق كىشىلەرنىڭ چىققانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە.

شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە مەشھۇر زاتلار كىشىلەر تەرىپىدىن بەس ـ بەستە خاتىرىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ياد ئېتىلىپ، ياشىغان دەۋرىنىڭ قانچە ئۇزاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۈچۈن تاش ئابىدىلەر تىكلىنىپ، ھەيكەللىرى ئورنىتىلىپ خاتىرە سارايلار سالدۇرۇلۇۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە داۋاملىق ئەسلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، باغچىلارنى قۇرۇپ، ماشىنىلارنى ياساپ ۋە پۇللارنى تارقىتىپ، گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىقىرىپ ئۇلارنى ياد ئېتىۋاتىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق يېتۈك نامايەندىلىرىمىزنىڭ قەبرىگاھلىرى ياسىلىپ، تاش ئابىدىلىرى ئۆزلىرى دەپنە قىلىنغان جايغىلا تىكلەندى. ئالدىنقى يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن، مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى تۈركلوگىيە ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «2008 ـ يىلىنى مەھمۇد قەشقەرى يىلى» قىلىپ بېكىتكەندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2008 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا كاتتا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە ئىلمىي يىغىنلار ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، ئۇيغۇر خەلقى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز تارىخىدىكى زور خۇشاللىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۈچۈنمۇ كاتتا ئىش ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن بىز ھەققەتەن پەخىرلىنىشكە، خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك ئەلۋەتتە!

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر مازارلىرى ۋە قەبرىگاھلىرى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق يادنامىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقەددەس ئابىدىسىدۇر. ئۇ، تارىخنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ.


پايدىلانغان مەنبەلەر:

① سىپىنسېرنىڭ «بىرىنچى قائىدە» 158 ـ، 159 ـ بەتلەر؛ لۈي داجى: «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دىنشۇناسلىقتىن مۇپەسسەل بايان»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 494 ـ بەت؛ ئابلىمىت ئۆمەر بىلگىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى 132 ـ بەتتە نەقىل ئېلىنغان.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى 3 ـ توم، 327 ـ بەت.

③ ئەھەت سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 378 ـ بەت.

④ ماۋدۇن: «ئەپسانە تەتقىقاتى» بەيخۇا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

⑤ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 17 ـ بەت.

⑥ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 109 ـ بەت.


(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە)



# تۇمىلەك دورغا

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا مەلۇم ماكاندا، قايسى شەھەر قايسى شەھەر ئەمەس، ھەرقاچان بىر شەھەردە چوڭ شۆھرەت ۋە ئىناۋەت تاپقان دۆلەتمەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى شاقۇسۇر بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلجەمىلە ئىسىملىك بىر خوتۇنى، مەلىكە دانىش دەيدىغان بىر قىزى بار ئىكەن.

مەلىكە دانىش ئۆيگە كىرسە، ئۆيگە چىراغ كەتمەيدىكەن. تاشقىرىغا چىقسا كۈنگە ئوخشاش نۇرلۇق ئىكەن. قىز بەك دانا بولغاچقا، يەر ئاستىدا يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى، ئەل ئارىسىدا دەردمەننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدىكەن. بۇ قىزغا ھەر قايسى تەرەپلەردىن خېرىدار بولۇپ ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى شاقۇسۇر پادىشاھقا خوپ كەلسە، خېنىمغا خوپ كەلمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ مەلىكە بالاغەتكە يېتىپ قاپتۇ. مەلىكە دوستلىرىنىڭ تويى بولغاندا چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى شەھىرى كەررانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئوغلى ھاتەم بىننى ئابدۇللا شاھزادە بىر نەچچە يىگىت بىلەن كېلىپ، پادىشاھى شاقۇسۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن سالام قىپتۇ. پادىشاھ شاقۇسۇر بىر قاراپ قويۇپ ھېچبىر سۆز قىلماپتۇ. بىر ھازا كۈتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سالام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاقۇسۇر:

ــ تۇرۇپ تۇرۇڭ! ــ دەپتۇ، شۇ گەپ بىلەن شاھزادە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە چاچلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىپ، پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مىڭ تەزىم بىلەن سالام قىپتۇ. شۇندىلا شاقۇسۇر:

— ھە، نېمە ئادەم سىلەر؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ نېمە مەقسەتتە كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە ھاتەم بىننى ئابدۇللا خۇش بولۇپ:

— مەن شەھرى كەرران پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ھاتەم بىننى ئابدۇللا بولىمەن، ئۆزلىرىنىڭ مەلىكە دانىش ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىمىش دەپ ئاڭلاپ، قىرىق كۈنلۈك يول مېڭىپ، ئۆزلىرىگە بالا بولاي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— تۈرۈپ تۇرۇڭ، — دەپ شاقۇسۇر پادىشاھ ئۇنىڭ تەلپىنى راۋا كۆرمەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە ھاتەم خاپا بولۇپ قايتماقچى بولۇپتۇ، بۇ خەۋەر مەلىكە دانىشنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مەلىكە دانىش بىر دەللالنى بۇيرۇپ، يىگىت بىلەن باغچىنىڭ ئىچىدىكى دەرەخزارلىقتا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە كۈننى كەچ قىلالماي قاپتۇ. ئاخىر كەچ كىرىپتۇ: باش توخۇ چىللىغان چاغدا شاھزادە ھاتەم باغقا كىرىپ، دەرەخزارلىقتا ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن مەلىكە دانىش يەتتە نەپەر كېنىزەكنى باشلاپ دەرەخزارلىققا يېتىپ كەپتۇ ـ دە، قاراپلا بۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە:

— ھەي يىگىت، ئىسمىڭىز نېمە؟ سىز كىمنىڭ ئوغلى؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە دانىشنى كۆرگەن شاھزادە ھاتەم ئالاقزادە بولۇپ:

— مەن كەرران شەھرىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئوغلى شاھزادە ھاتەم بولىمەن، سىزنىڭ داڭقى ـ تۆھپىڭىزنى ئاڭلاپ، خوپ كۆرسىڭىز سىزگە ھەمراھ بولغىلى كەلگەنىدىم، ئەمما ئاتىڭىز خوپ كۆرمەي، قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، بەختىمگە يارىشا، جامالىڭىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. سىز ئۈچۈن مىڭ جاندىن كەچتىم، ئەمدى مەن نېمە قىلىمەن؟ — دەپ يىغلاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەلىكە دانىشنىڭ يۈرىكىدە ئوت يېنىپ:

— يىگىت يىغلىمىسىلا، يۈرىكىم قان بولۇپ كەتتى. بۇ ئەخمەقلەر خوپ كۆرمىسە كۆرمىسۇن، مەن خوپ كۆرىمەن، تاڭلا ئاخشام ئەل ياتقۇدىن كېيىن ھەمراھلىرىغا ۋەقەنى ئېيتىپ قويۇپ، ئارقا ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى كەلگەيلا. مەن ئۈچ ئاتقا ئالتۇن ـ يامبۇ پۇل تەييارلاپ چىقىمەن، كۈتۈپ تۇرغايلا، تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ كېتەيلى. ئەگەردە ئۇنداق قىلالمىساق، بىزنى دادامنىڭ چېرىكلىرى قوغلاپ تۇتۇۋالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھايات ـ مامات ئىشى، — دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق پۈتۈشۈپ قايتىشىپتۇ، مەلىكە ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ، يىگىتمۇ قايتىپ كېتىپتۇ، يىگىت بۇ كۈننى كەچ قىلالماي، كۈنگە قاراۋېرىپ گەجگىسى قېتىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى! ئۇلار پۈتۈشكەن ئاشۇ باغدىكى دەرەخزارلىققا ماكانلاشقان، كېچىلىرى ناۋاينىڭ تونۇرىدا ياتىدىغان، كۈندۈزى ناۋايغا نىمكا بولۇپ قورسىقىنى باقىدىغان، قاش ـ قۇلاقلىرىغىچە قوتۇرماچ تاز بىر بالا بار ئىكەن، ئۇ قوتۇرماچ باش دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ شاھزادە ھاتەم بىلەن مەلىكە دانىش قىلىشقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىۋاپتۇ. بۇ قىزنى ئۆزى ئېلىپ قېچىش قەستىگە چۈشۈپ تەييارلىق بىلەن ماراپ تۇرۇپتۇ. ئەلياتقۇ ۋاقتىدا ئىشىكنى قېقىپ:

— مەلىكە دانىش كەلدىلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىن:

— ھەئە، — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ، ئۇ مەلىكە دانىش ئىكەن.

مەلىكە دانىش ئالدىراشچىلىقتا ئارغىماقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، بىرىنى تازغا ئۇزىتىپتۇ، بىرىنى ئۆزى مىنىپتۇ. ئاتنىڭ بىرىگە ئالتۇن ـ يامبۇ ئارتىقلىق ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاتلارنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ تاڭ ئاتقۇچە شەھرى كەررانىنىڭ تەۋەسىدىكى بىر تاغلىق مەھەللىنىڭ ياقىسىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. مەلىكە ناماز ئوقۇپتۇ. نامازدىن كېيىن قارىسا، ئۆزى بىلەن كەلگەن يىگىت شاھزادە ئەمەس، باشقا بىر كىم تۇرغۇدەك، مەلىكە دانىش غەزەپ بىلەن:

— شاھزادە قېنى؟ سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي مەلىكە، سىز قايسى يىگىتىڭىزنى سورايسىز؟ كۆزىڭىزنى ئېچىپ قاراڭ، مەن كىم ئىكەنمەن؟ — دەپتۇ يېنىدىكى كىشى.

مەلىكە يېقىن كېلىپ قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ، سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزى بىرگە ئېلىپ كەلگەن كىشى شاھزادە ئەمەس بەلكى قۇلاقىچە تاز بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ، مەلىكە قەھرى بىلەن:

— نېمىشقا كەلدىڭ! — دەپ قاتتىق توۋلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى تاز:

— ھوي مەلىكە، نېمە بولدىڭىز؟ مەن سىزنى مەجبۇرىي زورلىدىممۇ؟ ھەيدەپ ياكى گوللاپ ئېلىپ كەلدىممۇ؟ سىز نېمە دەپ مېنى بولۇشىچە ھاقارەتلەيسىز؟ كەچتە كېلىڭ، دېدىڭىز، خوش دېدىم، ئارغىماققا مىنسىلە، دېدىڭىز، مىندىم. ماڭايلى، دېدىڭىز ماڭدىم،

MIRA

مەندە نېمە گۇناھ بار؟ — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەلىكە بىھوش بولۇپ ئارقىسىغا يىقىلىپتۇ، بىر مەھەلدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، تازغا بىر نەرسە دېيىشكە ئۇرۇن يوقلۇقىنى، ئۆز شەھرىگە قايتىپ بېرىشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزۈلۈم قىلغان گۇناھقا نەگە باراي داۋاغا دېگەندەك، خۇدايىتائالا ماڭا مۇشۇنى بەرگەنىكەن، مەيلى، مەن خۇدانىڭ بەرگىنىنى قوبۇل قىلاي» دېگەن پىكىرگە كەپتۇ ۋە تازدىن:

— ھوي تاز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەلىكەم، مېنمۇ، سىلىنمۇ خۇدا ياراتقاندۇر، خاپا بولمىسىلا! سىلى نېمە دېسىلە مەن شۇنى ئورۇندايمەن، ھېچ نەرسىگە ئاجىز كەلمەيمەن. ماڭا ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ تاز.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە نائىلاج تەقدىرگە پۈتۈپ، تازنى ئۆزىگە ئەر قىپتۇ.

مەلىكە دانىش قارىغۇدەك بولسا، تازنىڭ كاللىسى گەدىنىگىچە قاقاچ بولۇپ پۈتۈن كاللىسى قىشىغىچە قوتۇرماچ بولۇپ كەتكەنىكەن.

— ھوي تاز، مايا قىقا كەل! — دەپتۇ مەلىكە.

— خوش خېنىم، — دەپ يۈگرەپ كەپتۇ تاز.

— ئاۋۇ يەردىكى سۆگەكلەرنى يىغىپ ئېلىپ كەلگىن! — دەپتۇ مەلىكە.

تاز سۆگەكلەرنى يىغىپ ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە:

— سۆگەكلەرگە ئوت قوي! — دەپتۇ.

تاز سۆگەكلەرگە ئوت قويۇپتۇ. سۆگەك راسا كۆيۈپ كۆل بولغاندا، مەلىكە تازغا يېنىدىكى بۇلاق سۈيىگە كاللىسىنى بىر سائەت چىلاپ يېتىشنى بۇيرۇپتۇ. تاز بۇلاق سۈيىگە كاللىسىنى بىر سائەت چىلاپ يېتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن، مەلىكە تازنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، تازنىڭ بېشىنى قىرىشقا باشلاپتۇ. تازنىڭ كاللىسى يېڭى ئەتكەن قىپقىزىل مىس چۆگۈنگە ئوخشاپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆيدۈرۈپ قويغان سۆگەكلەرنىڭ كۆلىنى تازنىڭ كاللىسىغا راسا بېسىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تاز ئۇزاققا قالماي، قارا باش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. تاز قاتتىق خۇشال بوپتۇ، مەلىكە تازنىڭ ئىسمىنى تۇملەك دورغىغا يۆتكەپ قويۇپتۇ.

— ھەي تۇملەك دورغا، ساڭا خىزمەت تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ مەلىكە. تۇملەك دورغا خىزمەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— سەن بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ، ئوردىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆي ئېلىپ قويۇپ، قايتىپ چىق! ئاخشاملىققا شەھەرگە قايتىپ كېتىمىز، — دەپتۇ مەلىكە.

تۇملەك دورغا شەھەرگە كىرىپ ئوردا ئالدىغا كېلىشكە، ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇملەك دورغا ئۇلارغا:

— مەن شاقۇسۇر پادىشاھنىڭ ئولۇغ قول ۋەزىرى ئىدىم. پادىشاھقا ئېيتىدىغان گېپىم بار، شۇڭا كەلدىم، — دەپتۇ.

ياساۋۇل شۇ ھامان ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا ۋەقەنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ:

— كىرسۇن، — دەپ ئەمىر قىپتۇ.

تۇملەك دورغا سالام ـ سەھەت بىلەن تەزىم قىلىپ، پادىشاھ قېشىغا كىرىپتۇ، پادىشاھ سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ ئېيتىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم تۇملەك دورغا، شاقۇسۇر پادىشاھنىڭ ئولۇغ قول ۋەزىرى ئىدىم، داڭقى ـ تۆھپىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزگە بىر مەزگىل خىزمەت قىلاي دەپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۇملەك دورغا.

پادىشاھقا تۇملەك دورغا خېلى چاققان، قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ:

— بوپتۇ، ئەگەر بىر مەزگىل تۇراي دېسىڭىز ئەلۋەتتە قوبۇل كۆرىمەن، — دەپتۇ ۋە تۇملەك دورغىغا ئۆي كۆرسىتىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

تۇملەك دورغا كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئۆيگە كىرىپ قارىسا ھەممە نەرسىسى تەييار بىر يورۇش ئۆي ئىكەن، ئاچقۇچلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، كەچقۇرۇنلۇقى مەلىكە يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە دانىش بۇنى ئاڭلاپ:

— قېنى بارايلى، ئەگەر كۆڭلۈمدىكىدەك بولمىسا، مەندىن ئاغرىنما، — دەپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

مەلىكە شەھەرگە كىرىپ ئوردا ئالدىدا توختاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ھەممە نەرسىلىرى تەل، ھەتتا ئات باقارمۇ بار ئىكەن، مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپتۇ.

كۈندىن ـ كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ، ئۇ، «يوللۇق كاۋاپ ئېلىپ كەل! بىزگە يول بولامدۇ يوق؟» دەپ بىر ۋەزىرگە بۇيرۇق بېرىپتۇ، بۇ ۋەزىر بىر ئۆردەك ئېلىپ «بۇ ئۆردەكنى تۇمىلەك دورغىنىڭ ئۆيىدە كاۋاپ قىلاي» دەپ تۇمىلەك دورغىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ، شۇنداق قارىسا، ئۆيدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، شۇنداق گۈزەل بىر ئايال ئولتۇرغۇدەك. بۇ گۈزەل ئايالنى كۆرگەن ۋەزىر ئەقلىدىن ئېزىپ، كاۋاپنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. ۋەزىر بۇ كۆيۈك ئۆردەك كاۋىپىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ كۆيۈپ كەتكەن ئۆردەك كاۋىپىنى كۆرۈپ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر:

ــ داد پادىشاھى ئالەم، بىر ئېغىز گېپىم بار، شۇنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا، ــ دەپ دادلىنىپتۇ. پادىشاھ:

ــ قانداق گېپىڭ بار؟ ئېيتقىن! ــ دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر ئۆردەك ئېلىپ تۇمىلەك دورغىنىڭ ئۆيىگە كاۋاپ ئەتكىلى بارغانلىقىنى، قارىسا ئۆيدە ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر پەرىزات تۇرغانلىقىنى، ئۇ گۈزەلنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ، كاۋاپنى كۆيدۈرۈپ قويغانلىقىنى بايان قىپتۇ ۋە پادىشاھقا گۇناھىمدىن ئۆتسىلە دەپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ئۇنداق گۈزەل ئايال پادىشاھلارغا خاس، بۇ گۈزەل ئايالنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى! ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يارلىقتىن تېز يېنىپ، ئوۋغا چىقمايلا ئوردىغا يېنىپ كىرىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ گەپلىرى بىلەن تۇمىلەك دورغىنىڭ ئايالىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى يىغىپ:

ــ يېڭىدىن كەلگەن تۇمىلەك دورغىنىڭ بىر ئايالى بار ئىمىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاي، كۈن خىجالەت بولارمىش، قانداق قىلساق بۇ گۈزەل ئايالنى قولغا چۈشۈرىمىز؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار! ــ دەپ مەسلىھەت سېلىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بەزى مەسلىھەتچىلىرى: «تۇمىلەك دورغىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك»، دەپتۇ. بەزىلىرى: «ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ئەگەر پادىشاھ شاقۇسۇر ئۇقۇپ قالسا مېنىڭ ۋەزىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئىككى پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەرسە قانداق قىلىمىز؟ بۇ، شەھىرىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە بالايىئاپەت بولىدۇ» دەپتۇ. يەنە بىر ۋەزىر: «ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، پادىشاھىمىز كېسەل بولۇپ ياتسۇن، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە تېۋىپلەر يولۋاسنىڭ سۈتىنى بۇيرۇسۇن، شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغىنى يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇساق، تۇمىلەك دورغا ساق كېلەلمەي ئۆلىدۇ. مۇنداق قىلغاندا، مەلىكىمۇ ئاداۋەت قىلمايلا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشكە رازى بولىدۇ»، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھەممىسىگە توغرا كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا پادىشاھنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان تۇمىلەك دورغا پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، قارىسا پادىشاھنىڭ ئەھۋالى بەك پەرىشان ئىكەن. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە پادىشاھنىڭ كېسىلىگە يولۋاسنىڭ سۈتى دورا بولغانلىقى، كىمكى يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كەلسە، نۇرغۇن دۇنيا ھەم چوڭ مەنسەپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. ئەگەر يولۋاسنىڭ سۈتى بولمىسا، پادىشاھنىڭ ئەجىلى توشقانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بۇ چاغدا ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ئەمىرالەرنىڭ ھېچقايسىسى «يولۋاسنىڭ سۈتىنى مەن ئېلىپ كېلەي»، دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلماپتۇ، ۋەزىرلەردىن بىرى:

ــ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش تۇمىلەك دورغىنىڭ قولىدىن كەلگۈدەك، قالغانلىرىمىزنىڭ قولىدىن يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپە كەلمەيدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداق، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش تۇمىلەك دورغىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بېرىدىغان ئىنئام ۋە چوڭ خىزمەتنى بىز تۇمىلەك دورغىغا بېرەيلى. سىز يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز! ــ دېيىشىپتۇ ئوردا ئەھلى.

تۇمىلەك دورغا يىغلامسىراپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. مەلىكە قارىسا تۇمىلەك دورغىنىڭ چىرايى مەيۈس كۆرۈنۈپتۇ. مەلىكە:

ــ ھەي تۇمىلەك دورغا سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق خاپا بولدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

تۇمىلەك دورغا پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە يىغلاپ تاشلاپتۇ. مەلىكە دانىش:

ــ بوپتۇ، يىغلىماڭ! كىم باشقىلارنى قەستلىسە، ئۆزىنى قەستلەيدۇ، يولۋاسنى تېپىپ، سۈتىنى سېغىپ ئېلىپ كەلگۈلۈك، ــ دەپتۇ.

ــ ھەي مەلىكەم، يولۋاس دېگەن يىرتقۇچ ھايۋان تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇنى تۇتۇپ، سۈتىنى سېغىپ ئېلىپ كەلگۈلۈك، ــ دەپ

www.uyghurkitap.com



سوراپتۇ تۇمىلەك دورغا.

— پادىشاھنىڭ ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قاپتۇ، ئاخىر ھەممە نەرسە بىزنىڭ بولىدۇ. يارماق سەندىن، قالغان ئىش مەندىن، — دەپتۇ مەلىكە دانىش.

شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغا پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ يولغا ھازىر بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ، پادىشاھ تۇمىلەك دورغىغا:

— ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بەرسىڭىز، — دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

پادىشاھ تۇمىلىك دورغىغا دەرھال ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بېرىپتۇ، تۇمىلەك دورغا ئالتۇننى دەرھال مەلىكە دانىشقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. مەلىكە دانىش تۇمىلەك دورغىغا ئەتراپلىق تەلىم - تەربىيە بېرىپ بىر دانە ئالتۇن يىگنە، بىر دانە ئالماس مىقداز، بىر دانە پولات پىچاق بېرىپ يولغا سېلىپتۇ.

ئەتىسى تۇمىلەك دورغا بىر يېشىل گۈمبەزنىڭ يېنىغا كەپتۇ، بۇ گۈمبەزدە جالۇس ئىسىملىك بىر قېرى دەرۋىش ياشايدىكەن. ئەسلىدە مەلىكە دانىش بۇ كىشىدىن كۆپ بىلىم ئالغانىكەن، تۇمىلەك دورغا مىڭىش ئالدىدا مەلىكە دانىش دەرۋىش جالۇسقا بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئىلتىجا قىلغانىكەن. شۇڭا دەرۋىش جالۇس بىر ئىسمى ئەزەم بىلەن تۇمىلەك دورغىنىڭ بىر قەدىمىنى يۈز قەدەم قىلىپ قويۇپتۇ، بۇنىڭ كارامىتىدە تۇمىلەك دورغا ئون كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن بىر غارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، قارىسا بۇ غار ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئەسلى يولۋاسلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئىكەن.

يولۋاس پادىشاھى بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن چۆچۈپ كېتىپ، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، تاغنى يارغۇدەك ئاۋاز بىلەن:

— ھەي، كىم سەن؟ پەرىشتىمۇ، ياكى جىن - شەيتانمۇ ۋە ياكى ئادەمزاتمۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

بۇ دەھشەتلىك ۋارقىراشنى ئاڭلىغان تۇمىلەك دورغا قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، شۇ چاغدا مەلىكە دانىشنىڭ نەسىھەتى ئېسىگە كەپتۇ ۋە:

— ئى پادىشاھ، مەن ئادەمزات ئەمچىسى، سىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىڭىزغا يەتتە يىل بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھېسداشلىق قىلىپ، سىزنى داۋالاپ ساقايتقىلى كەلدىم، مەن بولسام تۇمىلەك دورغا دېگەن پالۋان بولۇپ، مەلىكە دانىش شاقۇسۇرنىڭ جۈپتى بولىمەن. سەن مېنىڭ نامىنى ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولغانسەن! — دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

— بولدى، سەن ئەمچى بولساڭ، مېنى داۋالاپ باققىن، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ يولۋاس پادىشاھ.

تۇمىلەك دورغا قارىسا يولۋاسنىڭ پۇتىغا ياغاچ كىرىپ كەتكىلى كۆپ يىل بولغان بولۇپ، يولۋاسنىڭ ياغاچ كىرىپ كەتكەن پۇتى ئىششىپ كۆپتەك بولۇپ كەتكەنىكەن، تۇمىلەك دورغا مەلىكە دانىشنىڭ تەلىمى بويىچە ئالماس مىقداز بىلەن پۇتنىڭ تېرىسىنى يېرىپ، ياغاچنى ئالتۇن يىگنە بىلەن ئېلىپ، تېرە گۆشلىرىنى ياماپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دورا بېھۇش سۈركەپ داكا رەخت بىلەن راسا پۇختا قىلىپ تېڭىپ قويۇپتۇ. يولۋاسلار پادىشاھى ئاغرىقتىن خالاس بولۇپ ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ئويغىنىپ:

— ھەي تۇمىلەك دورغا، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ ئېيتقىن، راۋا قىلىمەن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ باشقا ھاجىتىم يوق، ئەگەر توغرا كۆرسەڭ، دورا ئۈچۈن بىر ئاز يولۋاس سۈتى بەرسەڭ، — دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

— بۇ ئاددىي بىر ھاجەت ئىكەن، سەن غارنىڭ تۆۋىگە مۆكۈنۈپ تۇرغىن، يولۋاسلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئۇلار كەلسە ساڭا خىرس قىلمىسۇن، — دەپتۇ يولۋاس پادىشاھى.

تۇمىلەك دورغا غارغا كىرىپ، مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ، يولۋاسلار شۇ ھامان ھازىر بولۇشۇپتۇ، ۋە:

— ئى پادىشاھىمىز، ئاغرىقىڭىز ساقايدىمۇ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئى يارەنلىرىم، غەمخۇار قىلماي تۇرۇڭلار! بۇ ماكانغا بىر نەپەر ئادەمزات ئەمچىسى كېلىپ، مېنى داۋالاپ ساقايتىپ قويدى. رەنجىم تۈگىدى. بىرلا سۆز ئۇنىڭغا ئىككى تۇلۇم يولۋاس سۈتى سېغىپ بېرىمەن، ھەممەيلەن تەييار تۇرۇڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا ئەمچىنى ئۆز شەھىرىگە ئاپىرىپ قويۇپ «سالامەت كەلدى» دېگەن ئۇچۇرنى ئېلىپ كېلىشكە قايسىڭلار بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاس پادىشاھى.

ئىككى يولۋاس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن:

— بۇ خىزمەتنى بىزگە تاپشۇرۇڭ، بىز ئورۇنداپ كېلىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغا بىر يولۋاسقا مىنىپتۇ. ئىككى تۇلۇم سۇتنى بىر يولۋاسقا ئارتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئەمدى گەپنى ئەقلى دۇمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر ـ ئەمرالىرىنى ئوردىسىغا يىغىپ، مەلىكە دانىش بىلەن تـوي قىلماقچى بولۇپ، نەغمە ـ ناۋا قىلغىلى ئۈچ كۈن بولغانىكەن. تاڭ ئاتىسىلا، مەلىكە دانىش ئۆز خوتۇنى بولىدىكەن، لېكىن مەلىكە دانىشنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىكەن، مەلىكە دانىش ئۈچىنچى كۈنى كۈن پېتىش تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا، ئىككى يولۋاس كۆرۈنۈپتۇ. بىرىنىڭ ئۈستىدە تۇمىلەك دورغا ئولتۇرغۇدەك، بە-رىنىڭ ئۈستىدە ئىككى تۇلۇم ئارتىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقىمۇ پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرگەن ۋەزىر ـ ئەمرالار:

— داد پادىشاھى ئالەم، تۇمىلەك دورغا ئىككى يولۋاسنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يولۋاسلار شەھرىمىزنى خاراب قىلمامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ شەھەردە چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئامال قىلايلى! يۈرۈڭلار، ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىپ تۇمىلەك دورغىنى ئېلىپ كېلىڭلار! يولۋاسلارنى يولغا سالسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

خەلقئالەم تۇمىلەك دورغىنى قارشى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپتۇ. تۇمىلەك دورغا دەرھال يولۋاسلارغا نىشانە بېرىپ يولغا سايتۇ ھەمدە ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، سۈتنى بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

يامان نىيەتلىك پادىشاھ چىداپ تۇرالماي، ۋەزىرلەرنى يىغىپ يەنە باش قاتۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىر ـ ئەمرلىرىدىن بىرى:

— ئەمدى پادىشاھ ساقايغان بولسۇن، لېكىن پادىشاھ تۇمىلەك دورغىغا پەرىزاتنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن بىر مەلىكە تېپىپ ئېلىپ بېرىش شەرت قىلىنسا، ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھىمىز مۇرات ـ مەقسىتىگە يەتكەي، — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ، بۇ مەسلىھەت ھەممىسىگە يېقىپتۇ.

ئوردىغا پۈتۈن ۋەزىر ـ ئەمرلەر يىغىلىپتۇ، تۇمىلەك دورغىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى تىلغا ئېلىنىپ ئىنئام بېرىلىپتۇ ھەم پادىشاھنىڭ كېسەلدىن ساقايغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن گۈزەل بىر مەلىكە ئېلىپ بېرىش، مەلىكىنىڭ كىيىملىرى پەرىزاتنىڭ كىيىملىرىدىن بولۇش لازىملىقى ئېيتىلىپ بۇ خىزمەت تۇمىلەك دورغىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. تۇمىلەك دورغا ئەندىشە بىلەن ئۆيىگە كەلسە، مەلىكە دانىش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ھە، نېمە بولدى؟ ئەجەب غەم ـ ئەندىشىدە كەپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئى مەلىكەم، پادىشاھ توي قىلماقچى بوپتۇ، پادىشاھقا لايىق بىر گۈزەل پەرىزاتتەك خوتۇن تېپىپ بېرىش ھەم ئادەم تـوقۇم-غان، قايچا كەسمىگەن، سەيـپۇڭ تىكمىگەن پەرىزات كىيىمنى ئېلىپ كېلىش ماڭا تاپشۇرۇلدى، — دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

— قايغۇرماڭ، خۇدايىم يول بەرگەي، خىزىر مەدەت قىلغاي، بـارماق سىزدىن، مـەقسەتنى ھـەل قىلماق مـەندىن، سىزگە نـېمە غـەم بولغاي؟ بېرىڭ، — دەپتۇ مەلىكە.

تۇمىلەك دورغا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— بارىدىغان بولدۇم، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىقنى باسالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ساڭا نېمە لازىم بولسا دېگىن، — دەپتۇ.

— ماڭا ئات كاللىسىدەك ئالتۇن لازىم، — دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

پادىشاھ بۇيرۇپتۇ، خەزىنىچى ئات كاللىسىدەك ئالتۇننى تۇمىلەك دورغىغا تاپشۇرۇپتۇ. تۇمىلەك دورغا ئالتۇننى مـەلىكىگە ئـاپىرىپ بېرىپ، يولغا راۋان بوپتۇ.

تۇمىلەك دورغا مەلىكىنىڭ تەلىمى بويىچە يول يۈرۈپ كېتىپ بارسا، تۇيۇقسىز بىر يېشىل گۈمبەزگە يولۇقۇپ قاپتۇ. قارىسا ناھايىتى ھەي-ۋەتلىك دۆپىرلەر قاتار ـ قاتار ئۇمۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك، تۇمىلەك دورغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى ئىقلىمى ئالەملەر، مەن مەلىكە دانىشنىڭ يولىيورۇقى ھەم ئۇنىڭ سـالامىنى ئـېلىپ كـەلدىم. مـەن بـىر بەندە، خۇدا رۇخسەت قىلسا بارىمەن، بولمىسا يانىمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋىلەردىن بىرسى كېلىپ تۇمىلەك دورغىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھـەم تـۇمىلەك دورغـىغا چوڭ زىياپەت بېرىپتۇ. تۇمىلەك دورغا تويۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئەھۋال سوراش باشلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



— ئى ئادەمزات، قەيەرگە بارىسىز؟ نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ دىۋىلەر.

تۇملەك دورغا ھەممە ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، دىۋىلەر تۇملەك دورغىغا:

— ئۇنداق پەرىزات كىيىمى بىزدە يوق، ئاۋۇ كۆرۈنگەن كۆك تاغنىڭ كەينىدە بىر كۆل بار، پەرىزاتلار كېلىپ بۇ كۆلدە سۇغا چۈشىدۇ. پەخەس بولۇپ مۆكۈنۈپ تۇرۇڭ، پەرىزاتلار سۇغا چۈشەر ھامان بىرسىنىڭ بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپلا قېچىپ ئارقىڭىزغا قاردماي مۇشۇ گۈمبەزگە كەلسىڭىز، ئامان قالىسىز، — دەپتۇ.

تۇملەك دورغا كۆك تاغ ئارقىسىدىكى كۆلگە يول ئېلىپ، ئاخىر يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا، ھۆر قىزلار كۆلدە سۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ، ئۇ ئاستا بېرىپ بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپ ئات قېشىغا كەپتۇ، بۇ چاغدا پەرىزاتلار تۇيۇپ قېلىپ، تۇملەك دورغىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. تۇملەك دورغا ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي، ھېلىقى يېشىل گۈمبەزگە ئاران يېتىپتۇ. قوغلاپ كەلگەن پەرىزاتلارنى دىۋىلەر قايتۇرۇپتۇ، شۇ كۈنى تۈن كېچە بولغاندا تۇملەك دورغىنى يولغا سېپتۇ. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە ئۈچ كۈن نەغمە - ناۋا قىلىپ، تۇملەك دورغىنى ئەمدى كېلەلمەيدۇ، دەپ مەلىكە دانىشنى ئۆزدگە خوتۇن قىلىش ئۈچۈن چوڭ داغدۇغىلىق مەرىكە ئۆتكۈزگەنىكەن، ئۈچىنچى كۈنى توي مەشرىپى راسا قىزىپ تۇرغاندا، ئاسمانغا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا بىر ئاق دىۋە، كەينىدە بىر قارا دىۋە، ئوڭ تەرەپتە بىر كۆك دىۋە، سول تەردپىدە بىر يېشىل دىۋە بار بولۇپ ئوتتۇرىسىدا تۇملەك دورغا كېلىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە دىۋىلەر پادىشاھى تۇملەك دورغىغا تۆت چوڭ دىۋە قوشۇپ قويغانىكەن. بۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ۋە پادىشاھنىڭ ۋەزىر - ئەمرالىرى ھەيرانۇ ھەس بولۇپ:

— ئى پادىشاھ، يېڭى ئۆلۈمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! — دەپ كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئالاقزادە بولۇپ ئالدىراپ، ئۆزى تۇملەك دورغىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولغان ھالدا:

— ھەي پالۋان، بۇ كىملەر بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۇملەك دورغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇلار يېشىل گۈمبەزدىكى دىۋىلەرنىڭ سەركەردىلىرى بولىدۇ. شۇغىنىسى بۇلار بىر ۋاقلىق تامىقى ئۈچۈن گۆش، گۈرۈچ، ياغدىن ئاتمىش پاتمان يەيدۇ ھەم ھەر ئىشنى قىلىدۇ، ئەگەر يەيدىغان نەرسىلىرى تولۇق بېرىلمىسە، پۈتۈن شەھەردىكى بار - يوقنى بىر تۇرۇشتا تۈگىتىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن تىترەپ:

— ھەي پالۋان تۇملەك دورغا، شەھىرىمىز بەك كىچىك، بۇلارنى باقالمايمىز. شەھىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتمىسۇن، تېزراق قايتۇرسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇملەك دورغا دىۋىلەرنى قايتۇرۇپ، ئۆزى تەنھا شەھەرگە كىرىپتۇ، پادىشاھ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن تۇملەك دورغىنى ئوردىسىغا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۇملەك دورغا بىر قۇر پەرىزات كىيىمنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ كىيىملەرنى دەرھال قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، تۇملەك دورغىغا نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى بېرىپتۇ، تۇملەك دورغا ئىنئاملارنى ئېلىپ مەلىكە دانىشنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئىككى قېتىملىق ھىيلە - مىكرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ غەزەپ بىلەن يەنە ۋەزىر - ئەمرلىرى بىلەن مەسلىھەت كېڭەش قىپتۇ، پادىشاھ:

— ئەي ئەمرلەر، بىز ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولدۇق، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ تۇملەك دورغىنى قانداق ئۆلتۈرىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇلار ئىچىدىن بىر ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ۋەزىر - ئەمرلەر ئويلاپ كۆردىڭلارمۇ؟ بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەقىللىق، دانىشمەن پالۋانلاردىن ئىكەن، تۇملەك دورغا ئىككى قېتىم خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، سالامەت قايتىپ كەلدى. ئىككى قېتىم توي قىلغان بولساقمۇ، مەلكە تۇگۇل سايىسىمۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا بولمىدى. ھەتتا پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگۈدەك بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى، ئەگەر ئىككىسى پالۋان دانىشلاردىن بولمىسا، ئۇنداق قىيىن ئىشلارنى ئورۇنداپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئويلاپ كۆرۈڭلار، — دەپتۇ.

ۋەزىر - ئەمرلەر:

— سىنىڭ دېگىنىڭ ئەلھەق راست، — دېيىشىپ بۇ ۋەزىرنىڭ پىكرىنى ماقۇللىشىپتۇ. بۇ ۋەزىر پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەمدى بىر چارە بار، ئۇ چارە بولسا، كوھقاپتا بىر ئالتۇن قىز بار. شۇ ئالتۇن قىزنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھقا ئۆيلەپ قويساق،

دىسەك بۇ يولدىن سالامەت يانالمايدۇ. مەلىكە دانىش سىلىنىڭ بولىدۇ، ـــ دەپتۇ.

پادىشاھ ۋە ۋەزىر - ئەمىرلەر بۇ تەكلىپنى ماقۇللىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغىنى چاقىرىپ كېلىشىپتۇ. پادىشاھ تۇمىلەك دورغىغا:

ـــ ئەي تۇمىلەك پالۋان، سىز بىر قۇر پەرىزاتلار كىيىمىنى ئېلىپ كەلدىڭىز، ئەمدى شۇنىڭغا لايىق بىر ئالتۇن قىز ئېلىپ كېلىپ، مېنى تويلاپ قويسىڭىز، ـــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۇمىلەك دورغا قاتتىق قايغۇ بىلەن ئۆيىگە قايتىپ، ئۆيىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە دانىش تۇمىلەك دورغىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ هوي تۇمىلەك دورغا، سىز هازىر بەك خاپا هالەتتە كۆرۈنىسىز، پادىشاھ يەنە سىزگە قانداق ۋەزىپە تاپشۇردى؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ئەي مەلىكەم، بۇ دۇشمەن ماڭا يەنە ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ۋەزىپە تاپشۇردى، ـــ دەپ پادىشاھنىڭ گەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ـــ ئەمدى تۈگەشىدىغان بولدۇم، قانداق قىلىمەن؟ سىزنى قانداق قىلىمىز؟ ياكى مەن سىزنى يۇرتىڭىزغا ئاپىرىپ قويايمۇ، قانداق، ـــ دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

ـــ هەي تۇمىلەك دورغا، تۇرغىن ئورنىڭدىن! سەن ئىككى قېتىملىق سەپەردە غەلىبە قىلدىڭ، هېچكىم سەندەك قىلالىغان ئەمەس، نېمە ئۈچۈن ئۈنچىۋالا مالال بولىسەن؟ دۇشمەن هەر قانچە ۋەھشىي بولسىمۇ، ئۆزى مەغلۇپ بولىدۇ. خوتۇنىڭغا هېچكىم تېگەلمەيدۇ. ئورنىڭدىن قوپ! تائام يە! بارغۇلۇق، سەن يالغۇز ئىدىڭ ياراتقان خۇدانىڭ ساڭا رەھمى كېلىپ، مېنى ساڭا قوشۇپ قويدىغۇ. بۇنىڭ نېمە يامىنى بار دەيسەن؟ ـــ دەپتۇ.

مەلىكە دانىشنىڭ كىشىگە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان تۇمىلەك دورغا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

ـــ سىز نېمە دېسىڭىز، مەن تەييار، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا، سەن پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ، مەلۇم قىل، ـــ دەپتۇ مەلىكە دانىش.

تۇمىلەك دورغا پادىشاھنىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ، ئالتۇن قىزنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ «ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ خۇشال بولۇپ تۇمىلەك دورغىغا:

ـــ سىزگە نېمە لازىم بولسا، ئۆزىڭىز خالاپ ئېلىڭ، ـــ دەپتۇ.

ـــ ماڭا باشقا نەرسە لازىم ئەمەس، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بولسىلا بولدى، ـــ دەپتۇ تۇمىلەك دورغا.

پادىشاھ دەرهال خەزىنىچىنى چاقىرىپ، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بېرىپتۇ، تۇمىلەك دورغا ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. مەلىكە دانىش تۇمىلەك دورغىغا تەلىم-تەربىيە بېرىپ، نەسىھەتلىرىنى قىلىپ، ئۈچ پارچە خەت يېزىپ، قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىرىق يىللىق يولنى ئىلمي هېكمەت بىلەن قىرىق سائەتلىك يولغا ئايلاندۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغا ئۈچىنچى قېتىم يولغا چىقىپ، بىر يېرىم كۈن يول يۈرۈپ بىر قۇم دۆۋىسىگە، يول يوق بىر چۆلگە كەپتۇ، قارىسا بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ، بويى قىرىق گەز، توغرىسى ئالتە گەز كېلىدىغان ناهايىتى ئېگىز ئادەم ئىكەن، بۇ كىشى تۇمىلەك دورغىغا:

ـــ هوي ئادەم، كىم سەن؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ بۇ جايغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ دۇنيادا مەندەك باتۇر يوق، ئەگەر بىڭىسلىڭ بولسا كەل، ئېلىشىمىز، ـــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۇمىلەك دورغا دىر - دىر تىترەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە دانىشنىڭ تەلىمى دەررۇ ئېسىگە كېلىپ:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىڭلىغاق مۇھەممەد ئاكا، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ تېنىڭ سالامەتمۇ؟ مېنى سورىساڭ يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى يېڭى نىمكاھ تۇمىلەك دورغا پادىشاھ بولىمەن، مەن ئەمدى كوھقاپقا «ئالتۇن قىز» دېگەن مەلىكىنى ئۆزۈمگە ئەقدە قىلىپ ئېلىپ كەلگىلى بارىمەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ هەي تۇمىلەك پادىشاھ، ئاگاھ بولغىن! بۇ يولدا نۇرغۇن پادىشاھ ۋە شاهزادىلەر ئۆلدى. سەن يالغۇز بىر ئادەم نېمىشقا مۇنداق چوڭلۇق قىلىسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ئەگەر خالىساڭ، مەن بىلەن بارغىن، بىرسىنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىمەن، ـــ دەپ تۇمىلەك دورغا ئۇنىڭغا مەلىكە دانىش يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خەتنى بېرىپتۇ.

خەتنى ئېلىپ ئېچىپ قارىسا، پادىشاھلىق تامغىسى بېسىلغان بىر شەھەرنىڭ شاهلىق هۆججىتى ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن تىڭلىغاق مۇھەممەد ئاكا بىللە مېڭىشقا قوشۇلۇپتۇ. بىر پەس يول ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تىڭلىغاق مۇھەممەد ئاكا بىر

www.uyghurkitap.com



يۈز چاقىرىم يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. تۇمىلەك دورغا كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قاپتۇ. قارىسا بۇ كىشى تىگىلغاق مۇھەممەدتىن ئىككى ھەسسە ئېگىز ۋە ئىككى ھەسسە سەت ئىكەن، ئۇ تۇمىلەك دورغىغا:

— ھەي كىم سەن؟ مەندەك پالۋاننىڭ نامىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بىرسى كەلسىمۇ يۇركۈپ يەيدىغان، مىڭى كەلسىمۇ يۇركۈپ يەيدىغان «يۇركىمە مۇھەممەد» دېگەن مەن بولىمەن، قېنى كەل تۇتۇشۇپ كۆرىمىز، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

بۇ چاغدا تۇمىلەك دورغا مەلىكە دانىشنىڭ تەلىمى بويىچە:

— ھوي ئاكا، مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى يېگى نىمكاھ «تۇمىلەك دورغا» دېگەن پادىشاھ بولىمەن، مەن كۆھقاپقا ئالتۇن مەلىكنى ئېلىپ چىققىلى بارىمەن. ئەگەر سەنمۇ خالىساڭ مەن بىلەن بىرگە بارغىن، ساڭا بىر ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىمەن، ئەگەر ئۇنىساڭ بۇ چۆلدە يۈرگىچە بىر شەھەرنى سوراپ يەپ راھەت كۆرسەڭ، ئالە بۇنى، — دەپ قويىندىن مەلىكە دانىش يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

يۇركىمە مۇھەممەد قارىغۇدەك بولسا، بۇ بىر ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆججىتى ئىكەن.

— ئاۋۇ قېچىپ كەتكەن كىشىمۇ كەلسۇن، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرگە بارىمەن، — دەپتۇ ئۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ كىشى يولدا سۆزلىشىپ بىللە مېڭىپتۇ، مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە كۆن بەك ئىسسىپ كېتىپتۇ. قارىسا بىر ئورمانلىق كۆرۈنۈپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بۇ ئورمانلىق بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىپتۇ، بۇ ئۈچەيلەن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۇرغاندا، بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، تىڭشىسا:

— سەنلەر كىم؟ نەگە بارىسەن؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ بۇ جايغا قانداق ئېزىپ كەلدىڭ؟ مەن بىرى كەلسىمۇ، مىڭى كەلسىمۇ قاتلاپ يەيدىغان قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساق دېگەن مەن بولىمەن، كەل بىر كۆرۈشۈپ باقايلى! — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ.

تۇمىلەك دورغا قارىسا، كۆرۈنگەن ئورمان ھېلىقى قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساقنىڭ قورسىقىدا ئۆسكەن ئورمان ئىكەن، بۇنى كۆرگەن تىگىلغاق مۇھەممەد بىلەن يۇركىمە مۇھەممەد ئون بەش چاقىرىم يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ، تۇمىلەك دورغا قورقماي، مەلىكە دانىشنىڭ ئۆگەتكەن تەلىمى بويىچە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا، ئەھۋالىڭ قانداق؟ مەن بولسام، دۇنيادا باش كۆتۈرگەن يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى پالۋان يېگى نىمكاھ تۇمىلەك دورغا دېگەن پادىشاھ بولىمەن، دۇنيادا تەڭدىشىم يوق، ئەمدى كويىقاپقا ھۇجۇم قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئالتۇن قىزىنى تەسلىم قىلىپ، خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېلىمەن. مۇنداق قەددى-قامەت بىلەن بۇ چۆلدە يۈرگىچە مەن بىلەن بىرگە كويىقاپقا بارساڭچۇ، ماۋۇ ئىككىسىگە بىردىن ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆججىتىنى بەردىم. ساڭا ئىككى ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرەي، قانداق قىلىسەن، — دەپتۇ.

بۇ كىشى خىيال سۈرۈپ:

— بوپتۇ بارايلى! — دەپتۇ. شۇ چاغدا تۇمىلەك دورغا مەلىكە دانىش يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خەتنى بېرىپتۇ. قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساق قارىغۇدەك بولسا، پادىشاھلىق چوڭ تامغىسى بېسىلغان ھۆججەت ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن تۇمىلەك دورغا ئۆزىدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇلار يۈرە-يۈرە ئاخىر بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بۇ دەريادىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساق تامبىلىنى سېلىپ دەرياغا كېيىنىنى قىلىپ تۇرۇپ:

— يېنىپ بېرىپ ئۇزاققا، تەپسەڭلارچۇ قورساققا، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

تۇمىلەك دورغا بىلەن تىگىلغاق مۇھەممەد، يۇركىمە مۇھەممەد ھەيران بولۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يىراق يەرگە يېنىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ، قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساقنىڭ قورسىقىغا تېپىشكەنىكەن، مۇھەممەد تەڭنە قورساق دەھشەت كۈچلۈك يەل قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ سۈيى ئىككىگە بۆلۈنگەنىكەن. بۇ تۆت كىشى دەريادىن ئۆتۈۋاپتۇ.

قارىسا دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر چېدىر تۇرغۇدەك، بۇ چېدىر ئىچىگە كىرسە بىر قىز ئولتۇرغۇدەك.

— مەرھەمەت، نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ بۇ قىز. تۇمىلەك دورغا:

— مەن شەھرى قۇرغۇننىڭ پادىشاھى بولىمەن. شاقۇسۇر پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە دانىش شاقۇسۇرغا ئۆيلەنگەنمەن. شۇڭا مېنى يېگى نىمكاھ دەپ ئاتايدۇ. مەن سىزنىڭ نام-نەسەبىڭىزنى ئاڭلاپ قويغان شەرتلىرىڭىزنى ئورۇنداپ سىزنى ئېلىپ كېتىشكە كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئالتۇن قىز دېگەن مەن بولىمەن، مېنىڭ شەرتلىرىمنى ئادا قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھ ۋە بەگزادىلەر ناھايىتى كۆپ، تالاي-تالاي ئادەملەر ئۆلدى. سىلەرمۇ ئوخشاشلا ئاز ھەم ئاجىز ئادەم ئىكەنسىلەر، قايتىپ كېتىپ دۇنيانىڭ شامىلىنى كۆرسەڭلار

قانداق؟ — دەپتۇ ئالتۇن قىز. تۇملەك دورغا:

— ئۇنداق بولسا، شەرتىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ، — دەپتۇ.

— بىرىنچى شەرتىم، — دەپتۇ ئالتۇن قىز، — مەن تەرەپتىن بىر كىشى، سىز تەرەپتىن بىر كىشى، سۇغا چىقىدۇ، قايسى بۇرۇن كەلسە، شۇ يەڭگەن بولىدۇ.

تۇملەك دورغا تىڭلىما مۇھەممەدنى دەريانىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە ئالتۇن قىزنىڭ ئادىمى دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۈرۈپتۇ. بۇ كىشى سۇنى ئىزدەپ تاپالماي، ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغىچە تىڭلىغاق مۇھەممەد يۇقىرىغا بارغاندا سۇ ئالدىغا كەپتۇ، سۇنى ئۇسسۇپلا يېنىپتۇ. قارىسا مەلىكىنىڭ ئادىمى تېخىچە كەلمىگەنىكەن، چاي قايناپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى شەرت ھازىر بوپتۇ. مەلىكە ئالتۇن قىز ئەمدى ئىككىنچى شەرتكە ھازىرلىق قىلىپ ئاتمىش پاتمان پۇرچاق ئۈن، ئاتمىش پاتمان ئاچچىق گۈل سېلىپ بىر كۆلچەكتە خام-خاتىلا ئاش ئېتىپ:

— خوش ئەمسە، ئاشقا مەرھەمەت! — دەپتۇ.

— خوش، — دەپ تۇملەك دورغا ئاش ئىچىشكە باشلاپتۇ. تۆت كىشى بىر ئاش پىشىم ئىچىپمۇ كۆلچەكتىكى ئاشنى ئازراقمۇ پەسلىتەلمەپتۇ. قورساقلىرى ناغرىدەك بولۇپ كېتىپتۇ ھەم بۇ ئاشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىچىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. تۇملەك دورغا:

— ھەي بۇرادەرلەر، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

شۇ ئەسنادا قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساق:

— قېنى مەن بۇ ئاشنىڭ تۈزىنى تېتىپ كۆرەي، — دەپ كۆلچەككە بېشىنى تىقىپ بىر شوراپتىكەن، كۆلچەك پاكپاكىز بولۇپ قاپتۇ.

مەلىكە ئالتۇن قىز چىقىپ قارىسا، ئاش پۈتۈنلەي پاكىز ئىچىلىپ بولغان. ئۇ ھەيران بولۇپ «مەندىن نۇسرەت كەتتىمۇ قانداق» دەپ خىيال سۈرۈپتۇ. دەرھال ئۈچىنچى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇملەك دورغىغا:

— مۇشۇ ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ بەرسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتە كەتسەك بولىدۇ، — دەپتۇ.

— خوپ بولىدۇ، — دەپ ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ تۇملەك دورغا. تۈن نىسپى بولغاندا، ئۆي قىزىپ ئوتتەك بولۇپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە بۇ ئۆينىڭ تۆت تەرىپى پولاتتىن بولۇپ، چۆرىسىگە ئوت قالاپ قىزىتقانىكەن، قاتلىما مۇھەممەدتىن باشقىسى بولالماي، ئۆلەي دەپ قاپتۇ. شۇ چاغدا قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساق ئوڭدىسىغا يېتىپ.

— يەشسەڭچۇ پۈتۈڭنى، دەسسىسەڭچۇ قورساققا، — دەپتۇ.

ئۈچەيلەن غەزەپ بىلەن بىر دەسسىگەنىكەن، ئۇ دەھشەت كۈچلۈك يەل قويۇۋېتىپتۇ - دە، تۆمۈر ئۆي تۇزۇپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تۆت كىشى ئامان قاپتۇ، ئەتىسى تۆمۈر پارچىلىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلاپتۇ. تۇملەك دورغا ئالتۇن قىزغا:

— بىز ناھايىتى توڭۇپ قالدۇق، يېپىنچا بېرەملا، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مەلىكە قويۇپ قارىسا، تۆمۈر ئۆي يوق، ئۇ، «ئۆي قېنى؟» دەپ سورىسا، تۇملەك دورغا: «ئۆي كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى» دەپتۇ. مەلىكە ئالتۇن قىز:

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا، قېنى مېنى قولىڭىزغا ئېلىڭ! — دەپتۇ.

تۇملەك دورغا بىلەن مەلىكە يەنە ئۈچ كىشى جەمئىي بەش كىشى يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ يېنىغا كەلسە، دەريانىڭ بۆلۈنگەن سۈيى تېخىچە قوشۇلالمىغانىكەن. ئۇلار دەريادىن قۇرۇقلۇقتىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ تۇملەك دورغا كەتكەندىن كېيىن «ئەمدى تۇملەك دورغا مەڭگۈ كەلمەيدۇ» دەپ يەتتە كۈنلۈك كاتتا توي ئۇيۇشتۇرۇپ، نەغمەناۋا باشلىغانىكەن. بەش كۈن بولغاندا «تۇملەك دورغا قايتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. ئارقىدىنلا تۇملەك دورغا ۋە باشقىلارمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ئاچچىقلاپ ۋە كۈلۈپ كېتىپ:

— رەھمەت تۇملەك دورغا، توينى باشلىغاچ تۇرغاندۇق، بىراق سىز يوق ئاسماندىكى دادام بىلەن ئانام تويغا تەكلىپ قىلىنماي قالدى. شۇڭا سىزگە ھاجەت بولۇپ تۇراتتۇق. ئازراق ئوتتۇن چۈلغاندى. مۇشۇ ئوتتۇن بىلەن ئاسمانغا چىقىپ، دادام بىلەن ئانامنى ھەم بىر تۇغقانلىرىمنى تەكلىپ قىلىپ چۈشسىڭىز، — دەپتۇ.

تۇملەك دورغا پادىشاھنىڭ سۆزىنى خوتۇنى مەلىكە دانىشقا ئېيتىپتۇ، مەلىكە دانىش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن:

www.uyghurkitap.com



— دەرھال تەدبىر قوللىنىش كېرەك، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزىنى سېلىش كېرەك، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلسۇن، سىز چىقىڭ، قورقماڭ! ئوتتۇن ئۇستىگە ئوت يېقىپ ئەتراپىنى تۈتۈن راسا قاپلىغاندا، سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىۋالىمىز، — دەپتۇ.

تۇمىلەك دورىغا ئوتتۇن ئۇستىگە چىقىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مەن ئاتا - ئانىلىرىڭىزنىڭ قېشىغا چىقىدىغان بولدۇم، ئۆزلىرىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا تىرىكلىك نىشانى ئۈچۈن بىرەر سوۋغاتلىرى بارمىكىن، — دەپ توۋلاپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئالغاچ چىقىڭ! — دەپ قولىدىكى ئۈزۈكنى بېرىپتۇ ھەمدە شۇ زامان ئوتتۇنغا ياغ چېچىپ ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوت يېقىلىپتۇ، پادىشاھ «تۇمىلەك دورىغا ئەمدى ئۆلىدىغان بولدى!» دەپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئوت ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى: ئوت راسا كۆيۈپ تۈتۈن جاھاننى قاپلىغاندا، ئالتۇن قىز كۆك كەپتەر بولۇپ ئۇچۇپ چىقىپ، تۇمىلەك دورىغىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ قاتمۇقات ئورۇن - كۆرپە ئۇستىدە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئىككى مەلىكە مەسلىھەتلىشىپ، بىرسى پادىشاھنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. بىرسى پادىشاھنىڭ دادىسىنىڭ مۆھۈرىنى ئويۇپتۇ. خەت پۈتكەندە دادىسىنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپتۇ. «بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن سىزنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىڭىزنى بىلەلمىگەنىدۇق، ئەمدى ئۇقتۇق، بىر ئاكىڭىز، بىر ئۇكىڭىز بولدى. ئانىڭىز ئەزرائىلنىڭ قولىدا قالدى. ئەگەر سىز بىر مەرد يىگىت بولۇپ چىققان بولسىڭىز، مۇشۇ خەتنى كۆرەر ھامان ھۇزۇرىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز! سىز چىققاندىن كېيىن سىز بىلەن بىرلىكتە شەھىرىڭىزگە بېرىپ، تويىڭىزنى بىرلىكتە قىلساق، بىز سىزنى كۆرۈش ئۈچۈن يولىڭىزغا تەشنا»، دەپ يېزىلغانىكەن.

تۇمىلەك دورىغا ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «مەن ئاسماندىن چۈشتۈم» دەپ پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، تۇمىلەك دورىغا ساق - سالامەت تۇرغۇدەك، پادىشاھ:

— ھە، كەلدىڭىزمۇ؟ ئاتا - ئانام بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۇمىلەك دورىغا پادىشاھقا ئاتا - ئانىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ داتقى - تۆھپىسىنى قىلغاندىن كېيىن خەتنى سۇنۇپتۇ ۋە:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ خەت ئاتىلىرى ئۆز قولى بىلەن يازغان خەت، — دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ جامالىنى كۆرۈش ھېسسىياتى ئىككى ھەسسە ئېشىپتۇ ھەمدە دەرھال ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئوتتۇن دۆۋىلىتىپ، ئەتىسى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ:

— مەن ئاسمانغا سەپەر قىلىمەن. مەن كەلگۈچىلىك ئورنۇمدا يېڭى نىمكاھ تۇمىلەك دورىغا پادىشاھ بولىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ. ۋەزىر - ئەمىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئوتتۇنغا ئوت يېقىشقا ئەمر قىپتۇ، ئوت ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ پادىشاھ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

تۇمىلەك پادىشاھ تەختكە چىقىپلا، تۆت ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. تىڭلىغاق مۇھەممەد ۋە پۈركىمە مۇھەممەدنى بىردىن ۋىلايەتكە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇ، قاتلىما مۇھەممەد تەڭنە قورساققا ئىككى ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى بېرىپتۇ. ئۇلار شەھەرنى ئادىللىق بىلەن سوراپ خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

تۇمىلەك دورىغا مەلىكە دانىشنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ مەلىكە ئالتۇن قىزنى قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەر، ئىككى خوتۇن ئۆمۈرلۈك پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەيسا ئىمىن، يەتمىش ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىق. كېرىيە ئارشو يېزىسىدىن.

توپلىغۇچى: ئابدۇراخمان تۆمۈر، مەتتۇرسۇن سۇلايمان

## تۈزىتىش

2009 - يىلى 1 - سان ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا سۈرىتىنى ئابلىز غوجامنىياز تارتقان.

(«تۇرپان» گېزىتى ئىدارىسى)

2009 - يىلى 2 - سان ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا سۈرىتىنى يۈسۈپجان تۇرسۇن تارتقان بولۇپ 1 -، 2 - سانلاردا ئەسكەرتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتورلاردىن كەچۈرۈم سورايمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



داڭلىق ناخشىچى دىلبەر يۈنۈس بىلەن بىللە



ئەخمەت تۇمۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر



ھەر ساھەدىكى ئەرباپلار بىلەن بىللە



دۆلەت ۋاسكتبول كوماندىسىنىڭ مەشقاۋۇلى ئادىلجان بىلەن بىللە




ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ماجيەنگو بىلەن بىللە



ئىنسانىيەت ئۇزۇن ئۆمۈر كۈزۈش فوندىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋپىڭ ئەپەندى بىلەن بىللە



«سەھەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى سۇ جىچاڭ بىلەن بىللە



ئۆزبېكىستانلىق سەنئەت ئەرباپى، داڭلىق رەسسام بەختىيار نەزەروۋ بىلەن بىللە



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، يىغىپ ساقلىغۇچى گىگانت — ئەخمەت تۇمۇر

国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829